# گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەزكىرىسى

تۈزگۈچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ
ئىدارىسى مەدەنىيەت بۆلۈمى
1993 - يىل 2 - ئاي



ئوسمان مەمەت

گوما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتى-
گە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت- سەن-
ئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان
كىشىلەرنىڭ بىرى.



توختى قۇربان

خوتەن ۋىلايەتىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى. خوتەن ۋىلايىتى ھەم گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت- سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان كىشىلەرنىڭ بىرى.



تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈن

مۇشۇ كىتابنىڭ تۈزگۈچىسى. گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.



ئاھبىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئوروۋنلىغان «غەرىب-سەنەم» ئوپېراسىدا سەنەم رولىنى ئالغان بېلىقىز مامۇت ۋە ئۇ-نىڭ سەبداشلىرى.



پېشقەدەم كىنو تېخنىكى نۇرمۇھەممەت ئىبراھىم مەشغۇلات ئۈستىدە.



گۇما ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىدىن بىر كۆرۈنۈش.



مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلىرى



گۇما ناھىيىلىك كىنو تىياتىرخانىسىنىڭ بارلىق ئىش-
چى - خىزمەتچىلىرى.



ياش كىنو قويغۇچى مۇھەممەت ساۋۇت مەشغۇلات ئۈستىدە.



گۇما ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى.



كىنو سېپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر.



مۇزىكانتلار مۇقام ئورۇنلىماقتا، ئوڭدىن سولغا: مەھمۇت ئېلى ھاجى، پەدى روزى، مەھەممەت شاكىر، ئابدۇرېشىت ھەسەن.



تاھىيلىنىڭ كىنو- فىلىم شىركىتىدىكى بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەر،

## كىرىش سۆز

مەن 1964 - يىلدىن بۇيان سابىق خەلق كومىتېتى مەدەنىيەت-مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى، مەدەنىيەت-مائارىپ سەھىيە گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا مائارىپ ۋە سەھىيە سىستېمىسىنىڭ ئۇرغۇن كونكرېتنى خىزمەتلىرىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە بىر قەدەر كۆپرەك ۋاقتىمنى ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلدىم.

مۇشۇ ساھەدە ئىشلىگەن 29 يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىمنى ئەسلىگىنىمدە، ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرى بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىشلىرى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلىرى (ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى) نىڭ قوللىشى، مەدەنىيەت سېپىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى، ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك مەدەت بېرىشى ۋە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشى نەتىجىسىدە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، بۈگۈنكىدەك كىشىنى خۇشال قىلارلىق

تەرەققىيات ۋە نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئاھىيىمىز مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئازاد-لىقتىن بۇرۇنقى ۋە ئازاد بولغان 42 يىلدىن بۇيانقى ھەر قايسى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دەۋرلىرىدىكى تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلمىي يەكۈنلەپ، بۇ ساھەدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى ۋە ئاھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، پارلاق نەمۇنىلەرنى ياراتقان مەشھۇر شەخسلەرنى ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈل-لەپ ـ ياشنىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇش ۋە بىر قەدەر ئەتراپلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىش مەقسىتىدە قولىڭىزلاردىكى «گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنى-يەت تەزكىرىسى» نى تۈزۈپ چىقتىم.

ۋاقتىنىڭ قىسلىقى ھەم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى-نىڭ تولۇق بولماسلىقىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەي-لىدىن بۇ تەزكىرىنىڭ يېتەرلىك بولمىغان تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تەنقىدىي ياردەم بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈن

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاي

## ئاساسىي ئەھۋال

گۇما ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-
نىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي مېر-
ىدىئان 77°31′ بىلەن 79°38′ ئارلىقىدا، شىمالىي پا-
راللېل 35°22′ بىلەن 39°01′ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ.
شەرق تەرەپتىن خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى
بىلەن، غەرب تەرەپتىن قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن، شى-
مال تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق مەكىت، ما-
رالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي
تەرىپى ھىندىستان، پاكىستان دۆلەتلىرى بىلەن چېگرى-
لىنىدۇ. ناھىيە زېمىنىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇن-
لۇقى 473 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى
67.5 كىلومېتىردىن 144.5 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ.
ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 1015
كىلومېتىر.

گۇما ناھىيىسىدە گۇما، دۇۋادىن ئىبارەت ئىككى
بازار، 13 يېزا، بىر چارۋىچىلىق مەيدان، بىر ئورۇقچىلىق
مەيدان قاتارلىق 17 يېزا (بازار) دەرىجىلىك ئورۇن،
191 كەنت كومىتېتى، 679 تەبىئىي كەنت، ناھىيىگە
بىۋاسىتە قاراشلىق 54 ئورگان، 40172 ئائىلە،

174734 نوپۇس بولۇپ بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار 170783،
خەنزۇلار 2404، تاجىكلار 922، قىرغىزلار 616 كىشى.

گۇما ناھىيىسىنىڭ يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 25،386 يۈەن، گۇما ناھىيىسىدە سەنئەت ئۆمىكى، مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، 14 يېزا مەدەنىيەت پونكىتى (سانجۇ، قوشتاغ تارماق مەدەنىيەت يۇرتى)، كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى، ناھىيىلىك كىنوخانا، كىنو - تىياتىرخانا، تۆت يېزا - بازار كىنوخانىسى، 18 كىنو قويۇش ئەترىتى قاتارلىق مەدەنىيەت - سەنئەت ئورۇنلىرى بار. تۆۋەندە بۇ ئەۋنلارنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## مۇندەرىجە

1- باب سەنئەت ئۆمىكى ........................ 1
2- باب ئاممىۋى مەدەنىيەت .................... 31
3 - باب كۇتۇپخانا ............................ 51
4 - باب كىنو ئىشلىرى.......................... 53
5- باب كىنو - تىياتىرخانا ...................... 60
6- باب ئاجايىپخانىنىڭ ئىچىلىشى ................ 62
7- باب مەدەنىي يادىكارلىقلار .................. 64
8 - باب يازغۇچى - شائىرلار .................... 76
9 - باب خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ۋە خەلق سەنئەتچىلىرى ............................... 117
10 - باب خەتتات، رەسسام، فوتوگرافلار ... 146
11 - باب ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى... 162

مۇندەرىجە


1-باب [illegible] ........................ 1
2-باب [illegible] ........................ 31
3-باب [illegible] ........................ 51
4-باب [illegible] ........................ 53
5-باب [illegible] ........................ 60
6-باب [illegible] ........................ 62
7-باب [illegible] ........................ 64
8-باب [illegible] ........................ 76
9-باب [illegible]
[illegible] ........................ 117
10-باب [illegible] ... 146
11-باب [illegible] ... 162

## 1. باب سەنئەت ئۆمىكى

### 1. بىرىنچى قېتىملىق سانايى نەفىسە (سەنئەت ئۆمىكى) نىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى

ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ دەريانىڭمۇ كىچىككىنە بىر باشلىنىش ئېقىنى بولغىنىدەك گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىمۇ دەسلەپكى چاغلاردا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت بۇ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ئىدى. شۇڭا بۇ باپتا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن ئىشلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.

1934 - يىلقى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىغان. جۈملىدىن ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما، خوتەندە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما، گۇمىدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. بۇ ئۇيۇشمىلار بىر مىللىي ئىجتىمائىي ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش

سوۋېتى بىلەن ئىلىم-مەرىپەت نۇرى ئارقىلىق جاھالەت، قاراڭغۇلۇق ئاستىدا ياتقان خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزىنى ئېچىش جەھەتتە مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ شۇ دەۋر مەدەنىي ئاقارتىش جەھەتتە نۇرغۇن ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ئىدى.

1938 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەقسىماتى بويىچە ئۇرۇمچى دارىلفۇنۇن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئابدۇقادىر ئەپەندىم، ئابلىز ئەپەندىم قاتارلىق ئىككى كىشى گۇمىغا كېلىپ ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۆتىۋەرلەردىن جامالىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئىسمايىل قارى ھاجىم، زىياۋۇدۇن مەخسۇم ھاجىم قاتارلىق 30 نەپەردىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ چىققان ۋە كېڭىشىش ئارقىلىق جامالىدىن ئەلەم ئاخۇنۇمنى رەئىسلىككە، زىياۋۇدۇن مەخسۇم ھاجىم، ئابلىز تۇرسۇن (بۇلار ھازىر ۋاپات بولۇپ كەتتى) لارنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىغان. ئۇيۇشما تەركىبىدە مەدەنىيەت بۆلۈم، كاتىبات بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم (باشلىقى ھاشىم ئاخۇن داموللا ھاجىم ئىدى)، ئەۋقاپ بۆلۈم، مالىيە بۆلۈمدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم، يەتتە كىشىلىك ئىجرائىيە ھەيئەت تەسىس قىلىنغان. بۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، كىنو، تەنتەربىيە، قىرائەتخانا ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

1938 - يىلى ئۇيغۇر شىنىڭ تەشكىللىنىشى ئارقىلىق گۇما ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى (سانايى نەفىسە) قۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىدىن بۇرۇن ناھىيە بازىرىدا بىر قانچە جايدا چايخانا بولۇپ، بۇ چايخانىلاردىن ھەمىشە ناخشا - مۇزىكا سادasى ياڭراپ، يىلىنىڭ ھەممە پەسلىدە مەشرەپلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. خەلق ئىچىدە مەھەممەتىخان قۇشقاچ، توختىشاخان، مەخسۇتھېيت، ئابدۇللا، پەنجالىق، ھوشۇرسىيت ھاجىم قاتارلىق «ئەلىپ، لەيلى» (مىڭ بىر كېچە) چەكنامە قاتارلىق كىتابلارنى پۈتۈن يادقا ئېيتالايدىغان چۆچەكچى، لەتىپىچىلەر، قىزىقچىلەرمۇ كۆپ ئىدى. يەتتە ھەر يىلى قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ساغادى، چاق پىلەك، كاجىۋا، دارۋازلىق قاتارلىق ئويۇنلار ئۆتكۈزۈلۈپ نەچچە مىڭلىغان كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. مانا بۇلار سانايى نەفىسە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ئىدى. دەسلەپكى قۇرۇلغان بۇ سانايى نەفىسەنىڭ ئادەملىرى 20 كىشى بولۇپ ئۆمەك باشلىقلىقىنى مۇئاۋىن رەئىس ئابلىز تۇرسۇن ئۈستىگە ئالغان. 1939 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما مۆمىنجان، ئەبەيدۇللاجان (بۇلار ئۆزبېك) قاتارلىق ئىككى كىشىنى گۇمىغا بەلگىلەپ ئەۋەتكەن. سابىر نىياز (قاغىلىقتىن) ئۆمەك باشلىقى بولغان. بۇلار گۇما سانايى نەفىسەگە چىققاندىن كېيىن ياش سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن قۇدرەت مۇساھاجى، ئابلىمىت مەمەت ھاجى، ئابلىمىت مەمتىلى، مامۇت ھاجىم ياقاقى قاتارلىقلارنى ئۆمەككە قوبۇل قىلىپ كۆڭۈل

قويۇپ تەربىيىلەپ كېيىنكى دەۋرلەردىكى سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھۇل سالغان.

1940 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئاتاقلىق قىزىقچى، مەشھۇر دراما ئارتىسى ئەمەت ئۆمەر كۇما ناھىيىلىك ئۇيۇشمىغا كېلىپ سانايى نەفىسەنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن سانايى نەفىسەنىڭ ئىجادىيەت، ئويۇن قويۇش سەۋىيىسى، بولۇپمۇ دراما ئويناش سەۋىيىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. سانايى نەفىسەنىڭ ئويۇن قويۇش سورۇنى دەسلەپتە قىزلار مەكتەپ (ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ) تە بولۇپ كېيىن ئوسمان بەگ ھاجىمنىڭ قورۇسىغا يۆتكەلگەن.

شۇ چاغلاردا شۇكۇر يالقىننىڭ «شاڭخەي كېچىسى»، «چىمەنگۈل»، ل. مۇتەللىپنىڭ «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» قاتارلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرەش ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان درامىلارنى ۋە بىر قانچە كونسېرت، كومېدىيىلەرنى ئويناپ چىقىپ جەمئىيەتتە داغدۇغا پەيدا قىلغان. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن يۇقىرى قاتلام زات ئۆمەر ئاخۇن مالى قەشقەرگە بېرىپ بىر قانچە پارچە دېكوراتسىيە سىزدۇرۇپ كېلىپ ئۇنى سانايى نەفىسەگە تەقدىم قىلغان. ئەمەت ئۆمەر سانايى نەفىسەنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۆمەر ئاخۇن مالىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ ئابلاجان قاتارلىق ئۈچ نەپەر مۇزىكانتنى تەكلىپ قىلىپ كېلىش بىلەن بىرگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇ-

چىلىرى ئىچىدىن مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىدىغان ئون نەپەر بالىنى تاللاپ ئىككى قېتىمدا خوتەنگە ئەۋەتىپ ئالتە ئايلىق كۇرستا ئوقۇتۇپ تەربىيىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن گېمىدا نۇر ھېيت، ماخسۇت تۇردى قاتارلىق ئىسكىرىپكا، چاڭ. نەيگە ئوخشاش يېڭى مۇزىكىلارنى چالالايدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد مۇزىكانتلار پەيدا بولغان.

1942 - يىلى ئەمەت ئۆمەر يۆتكىلىپ كېتىپ، ئوسمان يۇسۇپ ناھىيىلىك ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن بۇ كىشىمۇ سانايى نەفىسگە كۆڭۈل بۆلۈپ، سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۇرگەن. بۇ دەۋر- دە «غېرىب - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن»، «رابىيە - سەئىدىن»، «قاناتلىق يولۋاس»، «ئارشىن مال ئالان»، «ئۆگەي ئانا»، «يالغان تېۋىپ»، «پىرىخون»، «ئويلىنىش»، قاتارلىق چوڭ - كىچىك دراممىلار سەھنىلەشتۈرۈلگەن ۋە بۇ دراممىلار ناھىيە بازىرىدىن باشلاپ ھەر قايسى يېزا- قىشلاقلارغىچە بولغان خېلى بىر قىسىم جايلاردا ئوينالغان. گۇما تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق بۇ سانايى نەفىسە تازا گۈل- لىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇۋاتقان مەزگىلدە شۇ ۋاقىت- تىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەقىپ قىلىشى نەتىجىسىدە 1947 - يىلى 8 - ئايدا سانايى نەفىسە تارقىتىۋېتىلگەن.

دېمەك، گۇما تارىخىدا تۇنجى تەشكىل قىلىنغان بۇ سانايى نەفىسە ئۇيۇشما رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جامالىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم، ئىسمايىل قارى ھاجىم، ئابلىز ئەپەندىم، ھاشىم داموللام، ئەمەت ئۆمەر، ئوس- مان يۇسۇپ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ زور كۈچ

بىلەن قوللىشى ئارقىلىق ئالتە يىل ئۆز پائالىيىتىنى دا-ۋاملاشتۇرۇپ كۇمىنىڭ سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈنجى ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرگەن. شۇ دەۋرلەردە مۆمىن جان، ئەبەيدۇللاجان (ئۆزبېك)، ئىمىن توختى (چىرا ناھىيىسىدىن)، سېلىمە مەھەممەت، قۇدرەت مۇسا ھاجى، تۇردى خانىم، ئابلىمىت مەھەممەت ھاجى، بۇنىياز ھۆسۈن، ئىبادەتخان ھاجىم (ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا)، مۇزىكانتلاردىن ئابدۇللاجان (قەشقەرلىك)، ھەسەن ئاخۇن ساتارچى (يەكەنلىك)، ھەسەن ئاخون داپچى، مەخسۇت تۇردى، نۇر ھېيت قاتارلىقلار 1938 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دەسلەپتە قۇرۇلغان سانايى-نەفىسەنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان كۆزگە كۆرۈنگەن ئارتىسلاردىن ئىدى.

## 2 - قېتىملىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇشى

1950- يىلى كۇمىدا سانايى نەفىسە (ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى) يەنە تەشكىل قىلىندى. بۇ، ئازادلىقتىن كېيىن تۈنجى قېتىم، كۇما تارىخىدا ئىككىنچى قېتىم تەشكىل قىلىنغان سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئەسلىدىكى سانايى نەفىسەنىڭ خېلى بىر قىسىم ئارتىسلىرى ئۆمەككە قايتىپ كېلىپ ئىجادىيەت ۋە ئويۇن قويۇشقا كىرىشكەن. بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەۋەلىجالىقلىقىنى قۇدرەت مۇسا ھاجى ئۈستىگە ئالغان. ئومۇمىي

ئادەم سانى 23 نەپەر ئىدى. ئارتىسلار ئىزدىنىپ ئىجاد قىلىش، تىرىشىپ جاپاغا چىداپ مەشق ۋە رېپتىس قىلىش ئارقىلىق شارائىتنىڭ ناچارلىقىدەك خىلمۇ خىل قىيىنچىلارنى يېڭىپ، شۇۋاقىتتىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، فېئودال خۇراپاتلىق ۋە زۇلۇم ئېكىسپىلاتاتسىيىنىڭ تەسىرلىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىگە ماس كېلىدىغان «باي ۋە مالاي»، «قانلىق داغ»، «تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن» درامىلىرىنى، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان «قارا چاچ ئۇكام»، «ھەلەللە يار»، «بىلەيزۈك»، «نازىرىكوم»، «شاخ ـ شاخ چىنار»،«قاپاق دوپپا» قاتارلىق كونسېرت ـ نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، ناھىيە بازىرىدىن باشلاپ ھەر قايسى رايونلاردا بىر قانچە مەيدان ئويۇن قويۇپ، پارتىيىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى سىياسەتلىرىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ خەلقنىڭ ئاڭ سېزىمىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە زور رول ئوينىغان.

1952 ـ يىلى ھاكىم نەمەت ئەشرەبنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نەمەت ئەشرەب، كەنجى ئىبراھىم باشلىق يەتتە كىشىلىك ئۆمەك باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلغان. ھاكىم نەمەت ئەشرەب سەنئەت خىزمىتىنى بىۋاستە تۇتقانلىقتىن گۇما سەنئەتنىڭ ئويۇن قويۇش سەۋىيىسى ئۆسۈپ داڭقى چىققان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامىنى قوغداپ قېلىش، سىمغا ئېلىشقا زور تۆھپە قوشقان، ھەرھۇم پېشقەدەم رەھبەر قاسىمجان قەمبىرى گۇما سەنئەت

ئۆمىكنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى كېلىپ سانايىنى نەپەسنىڭ ئويۇن قويۇش ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بارلىق ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا مەدەت ۋە ئىلھام بەرگەن.

— ھاكىم نەمەت ئەشرەبىنىڭ بىۋاستە تۇتۇشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە ئارتىسلار شۇ مەزگىلدىكى سىياسىي يۈنىلىشنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، ئىزدىنىپ ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەن (كورىيە)گە ياردەم قىلىش مەزمۇن قىلىنغان «ئامېرىكىنىڭ ھالاكىتى»، «چاۋشيەن بىزنىڭ قوشنىمىز»، «كورىيە قىزى» قاتارلىق نومۇرلارنى ئىشلەپ خەلق ئاممىسىنى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە چاقىرغان. سەنئەت ئۆمىكى قەيەردە ئويۇن قويسا خەلق ئاممىسى تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشقان ۋە ئويۇن مەيدانىنى لەرزىگە سالىدىغان ھەيۋەتلىك شۇئارلارنى توۋلاپ، بەس - بەس بىلەن پىيدائىي ئەسكەرلىككە يېزىلغان. نەخ مەيدانىڭ ئۆزىدىلا ئۇرغۇن كىشىلەر تەڭگە، تىللا، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، چارۋا مال ھەتتا ئايالار ئالتۇن بىلەيزۈك، ھالقا، مۇنچاقلىرىنى ئىئانە قىلىشقان.

1950 — 1958 - يىلىغىچە قۇدرەت مۇساھاجى، ئىسلام مەھەممەت، ئۆمەرجان، ممەت داۋۇت ۋە ھاپىز مەتنىياز قاتارلىقلار ئۆمەك باشلىقى بولغان. بۇ مەزگىللەردە «گۈلنىسا»، «پىچاق»، «غۇنچەم» قاتارلىق درامىلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ كۆمىنىڭ ھەر قايسى جاي-

لىرىدا بىر قانچە ئون مەيدان ئويناشتىن سىرت قاراقاش، خوتەن، لوپ ناھىيىلىرىگىچە ئېلىپ بېرىپ ئۇ يەرلەردىمۇ ئون نەچچە مەيدان ئويناپ، شۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ، گويا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى قېتىم سىرتقا چىقىپ ئويۇن قويۇش ئىدى. بۇ سەنئەت ئۆمىكى 1956 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ لەۋھە ۋە تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارلىقلار بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، گويا ناھىيىگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن. قۇدرەت مۇسا ھاجى، ئېلى ھەسەن، بۇئايشى ھەسەن قاتارلىق ئارتىسلار ماددىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. يەنە 1956 - يىلى بۇ سەنئەت ئۆمىكىدىن بەش نەپەر ئارتىس جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە، 1957 - يىلى يەتتە نەپەر ئارتىس ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ بۇلاردىن بۇنىياز ھوسۇن، بۇئايشى ھەسەن، رىزۋانگۈل، مەھەممەت ھېيت قاتارلىق ئارتىسلار ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ ماددىي مۇكاپاتلىنىش بىلەن بىرگە كوللېكتىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ، لەۋھە ۋە ساز قاتارلىق مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كەلگەن. لەپەرچى بۇنىياز ھوسۇن، تاجىك مىللىتىدىن بولغان مەتنىياز ئاكا قاتارلىقلار 1957 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئويۇن قويۇش كۆرىكىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ جۇئېنلەي

زۇڭلىنىڭ قولىدىن مۇكاپات ئالغان. بۇ ئۆمەك 1955 - يىلدىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان كۆپ خىل نومۇرلارنى ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە «غېرىب - سەنەم»، «پىچاق» قاتارلىق درامىلارنى ئويناپ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاممىنىڭ بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى 4 - رايون (سانجۇ)دا تۇرۇشلۇق چېگرا - مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. لېكىن بۇ سەنئەت ئۆمىكى 1960 - يىلى 3 - ئايدا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تارقىتىۋېتىلگەن. ئارتىسلاردىن ئەسلى شتاتى بارلىرى ئۆز ئورنىغا قايتقاندىن تاشقىرى باشقا كۆپ ساندىكى كىشىلەر يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ياكى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان.

## 3 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى

1962 - يىلى 9 - ئايدا سەنئەت ئۆمىكى 3 - قېتىم تەشكىل قىلىنغان، بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نامىنى «ئۇلانمۇچىر سەنئەت ئۆمىكى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇلار يېزىلارغا بارسا نەرسە - كېرەكلىرىنى يۈدۈپ بېرىپ ئويۇن قوياتتى.

موكويىلا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى سىدەخمەت تۇردىنى يۆتكەپ كېلىپ ئۆمەك باشلىقلىقىغا بېكىتكەن. 1962 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە ئارىلىقتا بۇ ئۆمەك شۇ چاغدا كوما خەلقىنىڭ تومۇز ئاپتىپى ھەم

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا جان تىكىپ كۆرەش قىـ
لىش بىلەن يەپچان سۇ ئامبىرىنى ياسىغان شانلىق
ئوبرازنى ئەكس ئەتتۈرگەن «ئامبار ـ سالدۇق يەپچاندا»،
«ئۇستا باغۇەن ـ سەيدۇللا»، «تۇرسۇن ئاكام باققان
قويلار» قاتارلىق بىرقانچە ياخشى نومۇرلارنى ئىجاد
قىلىپ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا جاپا ـ مۇ-
شەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش ئىرادىسىگە ئىلھام
بېرىش بىلەن بىرگە «ئارشىن مال ئالان»، «بەش توپ
ئالما»، «ئۈجمە سايىسى»، «تامغىنى تارتىۋېلىش»،
«يالقۇنتاغ ئېتەكى» قاتارلىق دراممىلارنى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ئوينىغان.
بۇ سەنئەت ئۆمىكى 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى،
1966 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ
قارا بورىنىغا ئۇچراپ، ئارتىسلاردىن قۇدرەت مۇساھاجى،
مەتقاسىم ئابدۇللا، راھىلە قاسىم، نۇرمىتىللا ناسىر قاتار-
لىقلار «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى»، «سىنىپىي يات
ئۇنسۇر»، «جىن ـ شەيتان»، «قارا يىپ» دېگەن بەدناملار
بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش، پىپەن قىلىنىپ باشقا
جايلارغا يۆتكىۋېتىلگەن ياكى خىزمەتتىن قوغلاپ يېزا-
ئېگىلىكىگە نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىشقا چۈشۈرۈۋېتىل-
گەن. نەتىجىدە بۇ سەنئەت ئۆمىكى 1967 ـ يىلى 2 ـ ئايدا
تارقىتىۋېتىلىپ ئارتىسلارنىڭ ئەسلى ئىش ئورنى بارلىرى
ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە خېلى بىر قىسىم
شتاتسىز ئارتىسلارنى دۇۋا سېمونت زاۋۇتىغا، ئازراق بىر
قىسمى يېزا ئىگىلىكىگە ياكى ئۆز ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان.

ئۆمىك سەنئەت قېتىملىق 3 -، 2 -، 1 -، دېمەك، ...ـە-
ىنىڭ ئويۇن قويۇش سەۋىيىسى گەرچە خېلى يۇقىرى بول-
مىغان بولسىمۇ كىيىم - كېچەك، ساز - قورال سېتىۋېلىشقا
مەبلىغىدىن ئازراق ياردەم بەرگەندىن سىرت ئارتىسلار-
نىڭ مائاش، داۋالىنىشى پۈتۈنلەي ئۆز كىرىمىدىن
بولغاچقا، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ناھايىتى ئېغىر ئىدى.
ھېچقانداق قاتناش قورالى بولمىغاچقا ئارتىسلار سىرتقا
ئويۇن قويغىلى چىقسا ئېشەك ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيە-
نىڭ غەربتە ئاقسۇ، شەرقتە پىيالما، جەنۇبتا پوسكا، شىم-
الدا قۇرۇق ئاچچىقغىچە بولغان يېزا - كەنتلەردە
3—4 ئايغىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ سەييارە ئويۇن قويۇپ
ئاندىن ئائىلىسىگە قايتاتتى. شۇنداقتىمۇ ھەممەيلەن بۇ
قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ تىرىشىپ ئىشلىگەن ئىدى.

## 4 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى

1968 - يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي كومىتېت
ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ
ئويۇشتۇرۇشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار، زىيالىي ياشلار ۋە
جەمئىيەت ياشلىرى ئىچىدىكى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن
تەركىب تاپقان 20 كىشىلىك سەنئەت ئۆمىكى (يەنە بىر نامى
«ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى») قۇرۇلغان.
بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نومۇرلىرىدا ھېچقانداق ئىجادىيەت
يوق بولۇپ، «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى
سۈرەيلى»، «سىنىيا بولسا دېڭىز ئوكيان»، «ئۈزۈندە ناخ-

شىلىرى»، «خامان ناخشىسى» دېگەرلىق مەدھىيە بىلەن تولغان بىرقانچە نومۇرلىرى بىلەن ئويۇن قويغان. بۇ نومۇرلارغا بېلەت ساتسا كىشىلەر كىرمەيتتى. شۇڭا مالىيە يەرلىك كىرىم بىلەن سەنئەت ئۆمىكىنى تەمىن ئېتەتتى. بۇ سەنئەت ئۆمىكى بىر يىل ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ 1969 - يىلى تارقىتىۋېتىلگەن ئىدى.

## 5 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلۇشى

1971 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 5 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكى يەنى «تەشۋىقات ئەترىتى» قۇرۇلدى. ئارتىسلارنىڭ كېلىش مەنبەئى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىقى 4 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكى بىلەن ئوخشاش بولۇش بىلەن بىرگە بۇ ئۆمەكنىڭ نومۇرلىرىدا سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش، داجەيدىن ئۆگىنىش، ئۇيغۇرچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن «قىزىل چىراغ ناخشىلىرى» قاتارلىقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نومۇرلىرىدا ئارمىكا كۆپ، شوئار كۆپ، ئوخشاشلىق، شەخسىنى مەدھىيىلەش كۆپ، تۇرمۇش پۇرىقى ئاز، ئىجادىيەت ئاز، مىللىي شەكىل، مۇنەۋۋەر نومۇرلار ئاز، ھاياتىي كۈچى بولمىغاچقا بۇ سەنئەت ئۆمىكىمۇ 1973 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تارقىتىۋېتىلگەن.

## 6 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

كۇما ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

ته ستنقلىشى، ناهىيىلىك پارتكومىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجىسى مەمتىمىن ھاشىمنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى يولداش ئوسمان مەمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىلىق 1975 - يىلى 8 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك 6 - قېتىملىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. ئارتىسلىرىنىڭ كېلىش مەنبەئى 4 - ۋە 5 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم سانى 30 نەپەر. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ھاپىز مەتنىياز ئۆمەك باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، بۇ ئۆمەك دەسلەپتە قۇرۇلغاندا قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەسلىدىكى 5 قېتىملىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن بۇ ئۆمەككە ئىككى دانە كونا ئىسكىرىپكا، تۆت دانە دۇمباق، ئىككى دانە پەردە، ئۈچ دانە داپنىڭ گەردىشى، ئالتە دانە ساپايى قاتارلىقلار مىراس قالغاندىن سىرت ھېچقانداق مال-مۈلۈكى يوق ئىدى. ئورنى بولمىغاچقا كونا كىلوپنىڭ كەينىدىكى تۆت ئېغىز كىچىك ئۆينى ئارىيەت ئېلىپ ياتاق، تاماقخانا، رېپىتىس ئۆيى قىلىپ تاكى 1987 - يىلغىچە ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نومۇرلىرى دەسلەپتە ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەشتىن پەيدىنپەي 80 - يىللارغا كەلگەندە ئۆز ئىجادىيىتىنى ئاساس قىلىشقا يۈزلەنگەن. نومۇرلار ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە زىچ ئەگەشكەن بولۇپ، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى ملىلى، تۈرى

كۆپ، قىزىقارلىق بولۇشنى ئويۇن قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ، بېلەت سېتىپ ئويۇن قويۇش، ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش (شتاتلىق خادىملارنىڭ ئىش ھەققى مالىيىدىن بېرىلەتتى)، كىيىم - كېچەك، ماشىنا، ئاپتوبۇس سېتىۋېلىش، ساز - قورال سېتىۋېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىقلاردا مالىيىدىن پۇل تەلەپ قىلىش ئارقىلىق يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنگەن. بۇ سەنئەت ئۆمىكى 1975 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە بولغان دەسلەپكى يىللاردا ئۆزىنىڭ قاتناش قورالى بولمىغاچقا ئون كىلومېتىرغىچە بولغان جايلارغا يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ پىيادە بېرىپ ئويۇن قويغان. ئون كىلومېتىردىن يىراق جايلارغا ھارۋا، تراكتور كىرا قىلىپ بارغان. ئورما ۋاقىتلىرىدا يېزىلارغا بارسا كۈندۈزى دادۈيلەرگە چىقىپ ئەزالارغا بۇغداي ئورۇشۇپ بېرىپ كەچتە ئويۇن قويغان. سەھنە بولمىسا ئۆزلىرى ئەمگەك قىلىپ سەھنە ياسىغان. توك چىراغ بولمىسا كونا مازنى كىرسىنگە چىلاپ ياندۇرۇپ، شۇنىڭ يورۇقىدا ئويۇن قويغان. بۇ ئۆمەك 1977 - يىلى «دوجىۋەنسەن تېغى»، 1979 - يىلنىڭ بېشىدا ماخمۇت ئېلى ھاجى يازغان شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەش كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي دراما «ئۆچمەس ئۇچقۇن»نى سەھنىلەشتۈرۈپ بىرقەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بۇ درامىلارغا ھېلىقىز ماموت

رېژىسسورلۇق قىلىش بىلەن ئاساسلىق رول ئالغانلىدىن تاشقىرى يەنە مەتىمىن ئاتاۋۇللا، قۇربان نىياز مەمەت، تۇرۇپ مامۇت قاتارلىقلار ئاساسلىق رول ئالغان. 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىنى رېپتىس قىلىپ ماخمۇت ئېلى ھاجى ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكى شۇ ۋاقىتتا سەھنىلەشتۈرگەن ئەسلى نۇسخىسىغا پىشقەدەم دراما ئارتىسى مەرھۇم قۇدرەت مۇسا ھاجىنىڭ كۆمىنىڭ ئەسلى ئوينىغان «غېرىب ـ سەنەم» دراممىسىنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى قوشۇپ بىرلەشتۈرۈپ قايتا ئىشلىشى ئارقىلىق سەھنىلەشتۈرۈلۈپ شۇ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە تۇنجى قېتىم كۆما سەھنىسىدە ئوينىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتايىن قىزغىن ئالقىشى ۋە مەدھىيىسىگە مۇيەسسەر بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىدىن قالسا شىنجاڭدا ئىككىنچى بولۇپ «غېرىب ـ سەنەم»نى ئويناۋاتقىنى پەقەت كۆما سەنئەت ئۆمىكىلا ئىدى، درامىنىڭ دىكراتورلۇق، رېژىسسورلۇق، كېيىم لاھىيىلەشنى قۇدرەت مۇسا ھاجى، ماخمۇت ئېلى ھاجىلار ئىشلىگەن.

باش روللارنى ئالغان شاھى ئابباس رولىنىدىكى قۇدرەت مۇسا ھاجى، غېرىب رولىنى ئالغان ماخمۇت ئېلى ھاجى، سەنەم رولىنى ئالغان بىبلىقىز مامۇت، روشەنگۈل توختىمەت، ئابدۇللا شاتىرى رولىنى ئالغان مەھەممەت مۇسا قاتارلىق ئارتىسلار جاپالىق مەشىق قىلىپ، ھەقىقىي ئوبرازى، يارىتىش بىلەن غېرىب ـ سەنەمنىڭ

ئۈينىلىشى ھەرقايسى جايلاردا تاماشىبىنلارنىڭ ماختىـ
شىغا سازاۋەر بولغان. شۇ يىللاردا «غېرىب ـ سەنەم» نىڭ
سەھنىلەشتۈرۈلۈشى كۈمىنىڭ سەنئەت تارىخىدىكى بۆسۈش
خاراكتېرلىك تەرەققىيات بولۇپ، دەسلەپتە بۇ ئوپېرا
كۈمىدا بىرقانچە مەيدان ئوينالغاندىن كېيىن خوتەنگە
ئېلىپ بېرىلىپ، ۋىلايەتلىك «قىزىل يۇلتۇز» كىنوخانىسىدا
ئوينالغاندا بېلەت باھاسى گەرچە تۆت موچەن بولـ
سىمۇ بىر مەيداندىلا 2897 يۈەنگە بېلەت سېتىلغان.
ئىشىك، ھەتتا تامنى كونترول قىلىشمۇ ئىنتايىن تەسكە
چۈشكەن. قاراقاش، لوپ، چىرا، نىيە، كېرىيە ناھىيـ
لىرىدە بىرقانچە مەيدان ئوينالغاندا يەنىلا ئاشۇنداق
ئەھۋال يۈز بېرىپ، شۇندىن كېيىن كۈمىلا ئىشتىن سىرتقى
سەنئەت ئۆمىكى كۆنسېرى ياخشى ئاتاق ۋە ياخشى ئۈنۈمگە
ئېرىشىشكە باشلىغان. 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايدا
ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇللىرىنىڭ
قوشۇلۇشى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى مەسئۇلى ئوسـ
مان مەمەتنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى، مەدەنىيەت
گەنسى، تۇرسۇن مۇھەممەت ھۆسۇننىڭ يېتەكلىشى بىلەن
بۇ ئوپېرا قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىگە ئېلىپ بېرىلىپ
پوسكام، يەكەن، قەشقەر شەھىرىنىڭ «ماي» تىياتىرخانىسى
ۋە ھېيتگاھ خەلق كىنوخانىسى قاتارلىق جايلاردا جەمئىي
28 مەيدان ئويۇن قويۇلۇپ، 53485 يۈەن كىرىم
قىلىنغان (بېلەت باھاسى ئالتە موچەن بولسىمۇ سىرتتا
سەككىز كويغا تېپىلمايتتى). بۇ ۋاقىت سوغۇقنىڭ ئۇچىغا
چىققان، قەشقەر تەۋەسىدە قېلىن قار يېغىۋاتقان مەزـ

گىل بولۇپ، ئارتىسلار چۈشتىن بۇرۇن بىر مەيدان، ئاخ-
شامدا بىر مەيدان (ھەر قېتىملىق ئويۇن ۋاقتى بەش
سائەت، رېپتىس، سەھنە تۈزەش تۆت سائەت، جەمئىي بىر
كۈنلۈكى 14 سائەت) سەھنە پائالىيىتى بىلەن مەشغۇل
بولۇپ ئىنتايىن قاتتىق قىيىنچىلىق ۋە چېنىقىشلارنى
بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. ئوپېرادا رول ئېلىشقا قات-
ناشقانلار 22 كىشى بولۇپ، ئادەم يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن
بىر ئارتىس ھېلى ئۇ رولدا چىقسا ھېلى بۇ رولدا چى-
قاتتى. بەزىدە قىزلار ياساۋۇللارنىڭ رولىدا چىقسا، بەزى-
دە ئوغۇللار كېنىزەكلەر رولىدا چىقىشقا توغرا كېلەتتى.
كېسەل بولۇپ قالغانلارمۇ رولىدىن قېچىقىلىشنى تەلەپ
قىلمايتتى. تەشكىلدىن كېسەل بولۇپ قالغانلارنى رولغا
چىقماي دەم ئېلىشنى تەۋسىيە قىلسىمۇ ھېچكىم ئۇنىمايتتى.
بەلكى ئۇلار «مەن چىقمىسام ئورنۇمغا چىقىدىغان
ئادەم يوق، بولغانىدىمۇ ئويۇننىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتسە
ئۆمىكىمىزنىڭ ئابرويى تۆكۈلىدۇ» دەپ چىشىنى
چىشىغا چىشلەپ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەتتى. ئارتىسلار-
نىڭ بۇ خىل جانپىدالىق روھى ئاخىرى ھەر دەرىجى-
لىك رەھبەرلىك ۋە قەشقەر خەلقىنى تەسىرلەندۇرمەي
قالمىدى. نەتىجىدە شۇ كۈنلەردە قەشقەردە يىغىندا بولۇ-
ۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت
ئەزاسى بادەي، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى
ئەيسا شاكىر، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى
مامۇت نىياز قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ ئوپېرانى كۆرۈپ
ئويۇندىن كېيىن ئارتىسلارغا زىياپەت بېرىپ، قىزغىن

مەدەنىيەتكە تولغان سۆزلىرى بىلەن ئىلھام بەرگەن. ئار-
تىسلارنىڭ سوغۇقتا زۇكام داپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان
قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر ساھە خەلقى ئۆز لۇكىدىن ھەر-
خىل تائاملارنى، مېۋە - چىۋىلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئار-
تىسلارنىڭ كۆڭلىنى يوقلىغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت
بىلەن «قەشقەر گېزىتى» ماقالە ئېلان
قىلىپ، بۇ ئوپېراغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.
بۇ ماقالا رادىئودىمۇ ئاڭلىتىلغان. ئومۇمەن «غېرىب-سەنەم»
ئوپېراسى 1979- يىلى 10- ئايدىن 1980- يىلى
5- ئايغىچە بولغان سەككىز ئاي ۋاقىت ئىچىدە خوتەن،
قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ۋىلايەت- ئوبلاستى-
لارنىڭ خېلى كۆپ ناھىيىلىرىدە جەمئىي 136 مەيدان
ئويىنىلىپ 109362.80 يۈەن ساپ كىرىم قىلىنىپ
ئۆمەكنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا زور ماددىي ئاساس
سېلىپ بەرگەن ئىدى.

1980- يىلى يىل بېشىدا 6- قېتىم قۇرۇلغان
گوما ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ئاپتو-
نوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ 18- نومۇرلۇق
ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا بىنائەن 25 شتات بىلەن رەسمىي
شتاتلىق سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ قۇرۇلدى. شۇنىڭ بى-
لەن ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت، ئويۇن قويۇش سەۋىيىسى
ۋە قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دۆلەتنىڭ
مالىيە جەھەتتىن مەبلەغ سېلىشىمۇ يىلسېرى كۆپىيىشكە
باشلىدى. ئارتىسلارنىڭ قىزغىنلىقى ئاشقانلىقى ئۈچۈن مۇزىكانت
مىرەخمەت ھوشۇر ئىشلىگەن «نېفىتچىلار قەلبى»، «ۋەتەن

ئىشلەمدا»، «باغۋەن قىز» ناملىق ئىجادىيەتلىرى تۇنجى
قېتىم شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلدى.
گۇما سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نومۇرلىرى ناھىيە ئىچىدە ۋە
سىرتقا چىقىپ ئويۇن قويغان ھەرقايسى جايلاردا ئام-
مىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىش بىلەن بۇ ئۆمەك
1976 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان ئون يىل
ئىچىدە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر قېتىملىق
سەنئەت كۆرەكلىرىدە ۋە سەنئەت ئۆمەك خىزمىتىنى
ئېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ھەر دائىم بىرىنچى ئورۇننى
ئىگىلەپ، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە، مەدەنىي مائارىپ
باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن
لەۋھە، تەقدىرنامە، نەخ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار
بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، گۇما ناھىيىسىگە شان - شەرەپ
كەلتۈردى. ئارتىسلاردىن بېلىقىز مامۇت، ئابدۇرېشىت
ھۆسۈن، قۇربان نىياز مەمەت، مىرەخمەت ھوشۇر، ماخمۇت
ئېلىنھاجى، مەھەممەت قادىر، ئەھەتباقى قادىر، رۇشەن-
گۈل توختىمەت، ئامانگۈل ئابدۇغېنى كۆپ قېتىم ئىجادى-
يەت ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى.
بۇلار ئىشلىگەن ۋە ئورۇنلىغان 60 تىن ئارتۇق نومۇر
ئىجادىيەت ۋە ئىشلەملاندۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.
گۇما سەنئەت ئۆمىكى 1982 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى
بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىل-
غار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا يېزا چارۋىچىلىق
رايونلىرىغا بۆلۈنۈپ ئويۇن قويۇشتىكى ئىلغار ئۆمەك
بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازا-

رىتىنىڭ تەقدىرلىنىشىگە مۇيەسسەر بولغان. بۇ مەزگىلدە
ئابدۇرېشىت ھۇسۇن تۇەنجاڭ ئىدى. ھازىر كۇما ناھىيە
لىك سەنئەت ئۆمىكىدە شتاتلىق 20 نەپەر، شتاتسىز
19 نەپەر، جەمئىي 39 كىشى بار بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجە
لىك ئۇنۋان ئالغانلار تۆت نەپەر. ھازىر قۇربانىياز
مەمەت ئۆمەك باشلىقلىقىنى، بىلىقىز مامۇت مۇئاۋىن
ئۆمەك باشلىقلىقىنى ئۆتىمەكتە.

سەنئەت ئۆمىكى 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق
مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن $1070m^2$
لىق يېڭى خىزمەت بىناسىنى پۈتكۈزۈپ مۇقىم ئورۇنغا
ئىگە بولدى. 34 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ بىر يۈرۈش زاما
نىۋى مۇزىكىلارنى ۋە سەھنە جابدۇقلىرىنى سېتىۋالدى.
1988 - يىل بېشىدا ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت راسخوتى
دىن 32 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ بىر دانە خىزمەت
ماشىنىسى سېتىۋالدى (1981 - يىلى 17 مىڭ يۈەن
سەرپ قىلىپ بىر دانە يۈك ماشىنىسى سېتىۋالغان ئىدى).
1987 - يىلدىن بېرى كۇما ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمى
كىگە يىللىق بېرىلگەن ھۆددە راسخوتى 50 مىڭ يۈەن
دىن ئارتۇق، يىللىق ئويۇن قويۇش مەيدان قېتىم
سانى 130 مەيدان، كىرىم قىلىش ۋەزىپىسى 65 مىڭ
يۈەن قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ بۇ ئۆمەكتە مۇستە
قىل ھالدا ئۇسسۇل، مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇل
لىنالايدىغان، مۇزىكا ئىجاد قىلىش ۋە نومۇرلارنى
ئورۇنلاش جەھەتلەردە پىشىپ يېتىلگەن بىر تۈركۈم
تالانت ئىگىلىرى بولغاچقا، بۇ ئۆمەك يىللىق ھەرخىل ۋەزى

چىلەرنى ھەر يىلى ئاشۇرۇپ، تۇرۇنلاپ ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، كۆمانا ھەيئىسىكە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش يولىدا ئۆزلۈكسىز ئالغا باسماقتا.

## 7- تىياتىر ئىشلىرى

كۆمىنىڭ تىياتىر ئىشلىرى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تەشكىل ئېتىلگەن سانايى نەفىسە بىلەن باشلانغان. 1938 - يىلى سانايى نەفىسە تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇيۇشما مەسئۇللىرىدىن ئابدۇللا تۇرسۇن (1938- يىلى)، ئەھمەت ئۆمەر (39— 40 - يىللىرى ئىچىدە)، ئابدۇللا ھېبىبۇللا (41 - يىلى)، ئوسمان يۈسۈپ (40— 44 - يىللىرى ئىچىدە) قاتارلىق كىشىلەر سانايى نەفىسەنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، ئۆلكىلىك ئۇيۇشما ھەر ئايدا 1 — 2 كىچە سەھنە كىتابىنى شاپىگرافتا بېسىپ ھەر قايسى تارماق ئۇيۇشما قارمىقىدىكى سانايى نەفىسەلەرگە، جۈملىدىن كۆما سانايى نەفىسەگىمۇ ئەۋەتىپ بېرىپ تۇراتتى. بۇ چاغلاردا كۆمىدا ھېچقانداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولمىغاچقا، كىشىلەر مەدداھلار سۆز قىلغان سورۇنلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ياكى ئانچە - مۇنچە ئائىلە مەشرەپلىرىگە قاتنىشىش ۋە ياكى بىرەر ئىككى چايخانىغا يىغىلىپ قۇرۇق پاراڭ سوقۇش، ساز ئاڭلاش بىلەن كۆڭلىنى ئاچاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆما بازىرىدا بىر قانچە جايدا نەشە چېكىدىغان، قىمار ئوينايدىغان

سورۇنلار ۋە ئابدۇكېرىم ئاقساقالنىڭ ھويلىسى قاتارلىق ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى - ساپا قىلىندىغان سورۇنلارمۇ بار بولۇپ، خەلق ئاممىسى توغرا ئىجتىمائىي ئەخلاق، تەربىيىسىدىن مەھرۇم بولغاچقا، ئۇلار ئىلىم - مەرىپەتكە، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىغا بەكمۇ موھتاج ئىدى. دەل شۇ چاغلاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمارەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىلىق تىياتىر ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، گۇما سەھنىلىرىدە «شاڭخەي كېچىسى»، «چىمەنگۈل»، «رابىيە-سەيدىن»، «غېرىب - سەنەم»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «ئارشىن مال ئالان»، «ئۆگەي ئانا»، «يالغان تېۋىپ»، «پەرىخۇن»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» قاتارلىق دراممىلار ئارقا - ئارقىدىن ئوينىلىپ خەلق ئاممىسىنى قاتتىق جەلپ قىلغان. گەرچە ئارتىسلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ ئۇلار خەلق ئاممىسىنى، ۋەتەننى سۆيۈش، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش، ئاممىنىڭ ئاڭ-سەزگۈسىنى ئويغىتىش ۋە ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ۋاقىتلاردا تىياتىرلارنىڭ رېژىسسورلۇقىنى ئەمەت ئۆمەر، ئوسمان يۈسۈپ قاتارلىقلار ئۆزلىرى قىلاتتى. سەھنە ماتېرىياللىرى ۋە كىيىم - كېچەكلەر ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇلارنى ئارتىسلار ئۆزلىرى كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتەتتى. ئويۇندىن كېيىن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلەتتى.

1950-يىلى سەنئەت ئۆمىكى ئىككىنچى قېتىم تەشكىل-

لەنگەندىن كېيىن تېياتىر ئويناش بۇ ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق ئويۇن قويۇش مەزمۇنى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە «قانلىق داغ»، «باي ۋە مالاي»، 1956—1957- يىللىرى بولسا «غۇنچەم»، «گۈلىنسا» قاتارلىق درامىلار ئوينالغان. 1958- يىلى «غېرىب - سەنەم»، «پىچاق» درامىلىرى ئوينالغان. بۇ مەزگىلدە قۇدرەت مۇساھاجى رېژىسسورلۇق، دېكراتورلۇق، كىيىم لايىھىلەش ۋە باش رول ئېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

1962- يىلى 3- قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن «ئارشىن مال ئالان»، «بەش توپ ئالما»، «تامغىنى تارتىۋېلىش»، «ئوجمە سايىسى» قاتارلىق درامىلار ئوينالغان. بۇ مەزگىلدە قۇدرەت مۇساھاجى دېكراتورلۇقنى ئىشلىگەن، مەتقاسىم ئابدۇللا رېژىسسورلۇق، كىيىم لايىھىلەشنى ئىشلەش بىلەن ھەر قايسى درامىلاردا باش روللارنى ئېلىشقا قاتناشقان.

1975- يىلى 8- ئايدا 6- قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەنگەندىن كېيىن گۇمىنىڭ تېياتىر ئىشلىرى گۈللىنىپ ياشناش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇ ئۆمەك دەسلەپ قۇرۇلغاندا ئىشنى دراما ئويناشتىن باشلاپ 8- ئايدىن 10- ئايغىچە بولغان قىسقىغىنە ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ قاتتىق رېپېتىتسىيە قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن دراما «دۇجۈەن تېغى»نى ئويناپ، ئاممىغا ئۆزىنىڭ دراما ئويناش ماھارىتىنى نامايەن قىلغان ئىدى. 1976- يىلى ئابدۇقادىر سادىر يازغان «ياپيلاقتىكى چەك» درامىسىنى ئويناپ بىر قەدەر

ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ گۇما تارىخىدا
تۇنجى قېتىم يېزىلغان دراما ئەسىرى ئىدى. بۇ درا-
مىلارنىڭ دېكراتورلۇقىنى مەتقاسىم ئابدۇللا، رېژىسسور-
لۇق، كىيىم لايىھىلەشنى بېلىقىز مامۇت ئۈستىگە ئالغان.
ھەم بۇلار بۇ درامىلاردا ئاساسلىق روللارنى ئېلىپ
چىققان. 1979 - يىلى يىل بېشىدا مەخمۇت ئېلىھاجى-
ل. مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي ئىش - پائالىيىتىنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان «ئۆچمەس ئۇچقۇن» درامىسىنى يېزىپ
دېكراتورلۇق رېژىسسورلۇق قىلغان ھەم
ئاساسلىق رول ئالغاندىن تاشقىرى مەمتىمىن ئاتا-
ۋۇللا، تۇرۇپ مامۇت، قۇربانىنىياز مەمەت قاتارلىقلارمۇ
ئاساسلىق روللارنى ياخشى ئېلىپ جامائەتچىلىكنى قانا-
ئەتلەندۈرگەن. 1979 - يىلى 10 - ئايدا «غېرىبسەنەم»
ئوپېراسى گۇمىدا ئىككىنچى قېتىم رېپىتىس قىلىپ ئوينال-
دى. بۇ ئوپېرادا قۇدرەت مۇساھاجى، ماخمۇت ئېلىھاجى،
بېلىقىز مامۇت، تۇرۇپ مامۇت، مەھەممەت مۇسا، روشەن-
گۈل توختىمەت، قۇربانىنىياز مەمەت، مېھرىگۈل ئەيسا،
مەتۋاقى كەنجى، مەمەت رۇسۇل، گۈلئايىم قاتارلىقلار
ئاساسلىق روللارنى ياخشى ئېلىپ تاماشىبىنلارنىڭ
ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇ ئوپېرا گۇما سەنئەت
ئۆمىكىنىڭ دراما ئويناش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن
ئىناۋىتىنىمۇ ئۆستۈرگەن. شۇنداقلا ئارتىسلارنى چېنىقتۇرۇش
بىلەن بىرگە ئۆمەككە ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەر-
گەن. 1982 - يىلى ماخمۇت ئېلىھاجى «ھۆكۈم» ناملىق بەش
كۆرۈنۈشلۈك تراگېدىيىلىك درامىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن

بۇ دىرامىدا ئۆزى دېكوراتورلۇق، بېلىقىز مامۇت، قۇربان نىياز مەمەتىلەر رېژىسسورلۇق قىلغان ۋە كىيىم لايىھىلىگەن. بۇ دىرامىدا ماخمۇت ئېلىھاجى، بېلىقىز مامۇت، قۇربان نىياز مەمەت، روشەنگۈل توختەمەت، تۇرۇپ مامۇت، مەھەممەت مۇسا، نۇرنىسا تۆمۈر قاتارلىقلار ئاساسلىق روللارنى ئالغان. 1984 - يىلى ماخمۇت ئېلىھاجى يازغان «گۈزەللىك ئەخلاقتا» دېگەن بەش كۆرۈنۈشلۈك دىراما رېپېتىس قىلىنىپ ئوينىلىپ خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشكەن ۋە 500 يۈەن نەقپۇل بىلەن مۇكاپاتلانغان. بۇ دىرامىدا بېلىقىز مامۇت رېژىسسورلۇق قىلغان بولۇپ، مەھەممەت قادىر مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن. بۇ دىرامىدا بېلىقىز مامۇت، قۇربان نىياز مەمەت، ئامانگۈل ئابدۇغېنى، تۇرۇپ مامۇت، ئەھەت باقى قادىر، تۇنىسا روزى، مەمتىمىن ئاتاۋۇللا، مەھەممەت مۇسا قاتارلىق ئارتىسلار ئاساسلىق روللارنى ئالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئۆمەك يەنە 1981 - يىلىدىن كېيىن «مىنىڭ بىر كېچە» گە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «مەھەممەت بەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە كېنىزىكى»، تۈركىيە يازغۇچىسى كەرىم نادىرنىڭ «سامان يولى» رومانىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «پاجىئەدىن كېيىنكى مۇھەببەت»، «ئارشىن مال ئالان»، «گۇمانىدىن تۇغۇلغان پاجىئە» دىرامىلىرىنى ئوينىغان. 1987 - يىلى ئەتىيازدا ماخمۇت ئېلىھاجى دۇنيا ئەدەبىياتىدا بېسىلغان ھىندىستان يازغۇچىسى سودىرشىن يازغان «ھايات ۋە ئۆلۈم» ناملىق

ھېكايىنى بەش كۆرۈنۈشلۈك دراما قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ چىققان. بۇ درامىغا بېلىقىز ماھۇت رېژىسسورلۇق قىلغان. ماخمۇت ئىبلىھاجى كىيىم - كېچەكلەرنى لاھىيىلەش بىلەن بىرگە دېكراتورلۇق قىلغان. مۇزىكىسىنى مىرەخمەت ھوشۇر، مەھەممەت قادىرلار ئىشلىگەن. بۇ، كۇما سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەل تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېپياترنى ئويناپ غەلىبە قازىنىشى بولۇپ، بۇ دراما خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، كورلا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىر قانچە ئون مەيدان ئوينىلىپ، كەڭ جاماڭەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سايا ھەت، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پاكىستانلىق ۋە باشقا چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولغان.

### 8 - تەربىيىلەش ئىشلىرى

ئادەم تەربىيىلەش ئىشى بىر سەنئەت ئۆمىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئارتىسلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋر ئېھتىياجىغا ۋە سەھنە ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان قوشۇن يېتىشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كۇما سەنئەت ئۆمىكى ئادەم تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. كۇماسانايىنەفىسە

دەسلەپكى قۇرۇلغان. 1940 - يىللىرى ئەھمەت ئۆمەرنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان نۇر
ھېيت، ماخسۇت تۇردى قاتارلىق ئون بالىنى خوتەنگە ئالتە
ئايلىق مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىگەن.
ئۇندىن كېيىن تاكى 6 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكى قۇ-
رۇلغانغا قەدەر تەربىيىلەش ئىشى ئاساسەن ئۈزۈلۈپ
قالغان. 6 - قېتىملىق سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن
كېيىن ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئادەم تەربىيىلەش، ئار-
تىسلارنىڭ كەسپىي تالانتىنى ئۆستۈرۈش ئىشى ئالاھىدە
چىڭ تۇتۇلغان. 1980 - يىلى ئامانگۈل ئابدۇغېنى خوتەن
ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئەۋەتىلىپ ئاتاقلىق ئۇس-
سۇلچى ھاجى-راخمان ۋە ساھىبجامالنىڭ مىللىي ئۇسسۇل
سەنئىتىدىن تەلىم ئالغان. 1981 - يىلى قۇربان نىياز
مەمەت بىلەن ماخمۇت ئېلىھاجى ئاپتونوم رايونى بويىچە
قەشقەردە ئېچىلغان تىياتىر رېژىسسورلۇق كۇرسىغا قات-
نىشىپ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. 1984 - يىل ئاخى-
رىدا ماخمۇت ئېلىھاجى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان گۈزەل
سەنئەت دېكوراتورلۇق كۇرسىغا ئەۋەتىلگەن. 1985 - يىلى
ئەھەتباقى قادىر ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۇسسۇل رېژىسسور-
لىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىلگەن. يەنە شۇ يىلى
11 - ئايدا مەتتىمىن ئاتاۋۇللا، ئامانگۈل ئابدۇغېنى،
توختىباقى نىياز، مەھەممەت مۇسا، تۇرۇپ مامۇت، مۇ-
زىكانتلاردىن مىرەخمەت ھوشۇر، ناخشىچىلاردىن ئازاد-
گۈل مەتنىياز، سالامەت ۋەلى، مۇتەللىپ مەتتوختى قاتار-
لىقلار ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان ئارتىسلارنىڭ كەسپىي

تۈرلەر بويىچە تەربىيىلەش كۈرسىغا قاتنىشىپ ئاتا قىلىق ئۇسسۇلچى خەلچەم سىدىق، ئابلىمىز مەتقاسىم، يىڭاش ناخشىچى ئارزىگۈل تۇرسۇن، مۇزىكانت ئوبۇلھاشىملار- نىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 1988 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكى- نىڭ ئاتا قىلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ھەم رېژىسسورى ئۆمەرجان سەيدۇللا گېماسەنئەت ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلى- نىپ ئۆمەكتىكى بارلىق ئۇسسۇلچىلار بىر قېتىم ئومۇم- يۈزلۈك تەربىيىلەنگەن. بۇ كۇرسنىڭ ۋاقتى 20 كۈن بولۇپ گېماسەنئەت ئۆمىكىدىن تاشقىرى قاراقاش، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىدىنمۇ 2 — 3 كە قەدەر ئۇسسۇلچىلار قاتناشتۇرۇلۇپ تەربىيىلەنگەن. 1990 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇزىكانتى ئوبۇل توختى تەكلىپ قىلىنىپ مۇزىكانتلار بىر نۆۋەت تەربىيىلەنگەن.

بۇ سەنئەت ئۆمىكى باشقا ئورۇنلارغا ئادەم ئەۋە- تىپ تەربىيىلەش بىلەن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ تەر- بىيىلەش ھەم ئۆز ئىچىدە تەربىيىلەش، رەتلەش بىلەن يېڭى ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىپ ئۆستۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئارتىسلارنى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە قەرەللىك تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇتقان. 1986 - يىلى بىر قىسىم ئارتىسلارنى باشقا ئورۇنلارغا يۆتكەپ بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا سەككىز نەپەر يېڭى ئارتىس قوبۇل قىلىنىپ ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

1990 - يىلى 3 - ئايدا يەنە ئون نەپەر كىشىنى باشقا تارماقلارغا يۆتكەپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالتە ئايلىق سىناق مۇددىتى بىلەن 19 نەپەر قىز - ئوغۇل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى قوبۇل قىلىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

## 2. باب ئاممىۋى مەدەنىيەت

### 1 مەدەنىيەت يۇرتى

1944 - يىلى گۇمىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «مىن-جياۋگۇەن» (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورگان تەسىس قىلىنغان ئىدى. بۇ، ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت كەسپى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورگىنى بولۇپ، يۈي كۆلى دېگەن ئادەم گۇەنجاڭ بولغان. بۇ كىشىنىڭ مەدەنىيەت كەسپىدىن بىر ئاز خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەپيۇن چېكىش بىلەن ھورۇنلىشىپ كەتكەچكە كەسپى ئىشلارنى تۇتمايتتى. ئۇ چاغدا بۇ ئورۇندا ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلار ئاندا-ساندا قارا دوسكىغا خەت يېزىپ قويۇش، بازار ئىچىدىكى شەنلى ۋە خۇيلى مەكتەپلەرگە بېرىپ «سەنمىنجۇيى» شېئىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشتىن باشقا پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرمايتتى. 1948 - يىلى تۇنىياز چاۋار «گۇدا دەيبىياۋ» بولۇپ سايلىنىپ نەنجىڭگە بېرىپ جاڭ جيېشىنىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىپ كەلگەندىن كېيىن تاكى ئازادلىققىچە بۇ ئورۇنغا باشلىق بولغان. 1948 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ ئالدىغا (ئورنى ئەسلىدىكى بازار باشقۇرۇشنىڭ كونا ئورنى يەنى ھازىرقى 1-باشلانغۇچ

مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئىدى) ئالتە ئېغىزلىق «مىن جياۋگوەن» (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) بىناسى سېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئاساسى كەسپى قارا تاختاي چىقىرىپ تەشۋىق قىلىش بولغان. قورچاق شەنجاڭلار تۇنىياز چاۋارنىڭ دەرىجىسىنى «مۇئاۋىن، ھاكىملار بىلەن باراۋەر» دەپ ئۇقتۇرغان ھەم چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1952 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى تەسىس قىلىندى. ئورنى ئەسلىدىكى قىزلار مەكتەپ، ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قورۇسى ئىچىدە ئىدى. مەدەنىيەت يۇرتى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، كېيىنكى كۆتلەردە «مىن جياۋگوەن» ۋە ئىتتىپاق باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان كىنو، سەنئەت، ئاممىۋى مەدەنىيەت، تەشۋىقات، قىرائەتخانا قاتارلىق كەسپى خىزمەتلەرنى ۋە بىر قىسىم مال - مۈلۈكلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىش بىلەن پەيدىنپەي ھەر خىل ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئۈچ نەپەر خادىمى بولۇپ باشلىقى قۇدرەت مۇساھاجى ئىدى (قۇدرەت مۇساھاجى 57 - يىلغىچە باشلىق بولغان). گەرچە ئادەم سانى ئاز بولسىمۇ مەدەنىيەت يۇرتى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت، قىرائەتخانا، تەنتەربىيە قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇراتتى. مەدەنىيەت يۇرتى 1955 - يىلدىن كېيىن خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلارغا قارىتىپ، كادىرلارنى يېزى-

-لارغا ئەۋەتىپ تۇرۇپ، دۇنيادا ئىشنى يوقىتىشنى تەشۋىق
-قىلىش بىلەن بىرگە يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت
ئورۇنلىرىنى تەشكىللىگەن. بۇ كادىرلار ئاساسىي
-قاتلاملاردا ئالىي كاپىتالىستلارنى قوزغىلىشقا بىرلەشتۈ-
-رۇپ قىشلاق ئالدى، ئارا مەھەللە، ئارا قەۋم، موغاللا،
ئۈسسىملا قاتارلىق ئون نەچچە جايدا دەسلەپكى
قەدەمدە يېزا قىرائەتخانىلىرى قۇرۇپ چىققان. بۇ
قىرائەتخانىلار شۇ چاغلاردا دېھقانلارنى ھەر جەھەت-
-تىن تەربىيىلەشتە ياخشى رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن
دېھقانلار بەكمۇ ياقتۇراتتى. شۇڭا ھەر قايسى جايلار
بەس-بەس بىلەن قىرائەتخانىلارنى قۇرۇپ چىققان،
ھەتتا مەخسۇس ئۆي-ئىمارەت، جوزا-ئىشكاپ ياسى-
-تىشتىن سىرت خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغىچە
ئادەم ئەۋەتىپ ھەر خىل كىتاب-ژۇرنال، گېزىت
ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، ئاممىنىڭ كىتابتىن بەھرىمەن
-بولۇش ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتكەن ئىدى.

1957-يىلدىن باشلاپ مەدەنىيەت يۇرتى يۇقىرى
دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي تارماقلارنىڭ ئورۇن-
-لاشتۇرۇشىغا ئاساسەن يېزىلاردا «يېزا كلۇبى» قۇرۇش-
-قا كىرىشىپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتتا مەدەنىيەت يۇرتى
ئۆزى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ
يېزىلارغا بېرىپ ئاخشاملىرى ئويۇن قويسا، كۈندۈزلىرى
ھەرقايسى كوپىراتسىيەلەرگە بېرىپ ئاممىغا تەشۋىقات-تەربىيە
خىزمىتىنى ئىشلىگەن. مەدەنىيەت يۇرتى كادىرلىرىدىن قۇد-
-رەت مۇساھاجى، بۇنىياز ھوسۇن، نەخسۇت تۇردى قاتارلىق-

لار بىر يىلدىچە ئائىلىسىگىمۇ قايتماستىن پۈتۈن ناھىيە-
نىڭ ھەر قايسى يېزا - كەنتلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، پۈ-
تۈن ناھىيە بويىچە يېزا كلوبلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ
بولۇپ ئاندىن قايتىپ كەلگەن. مەدەنىيەت يۇرتى كا-
دىرلىرى جاپتالىق خىزمەت قىلىپ ئاساسىي قاتلام دا-
دىرلىرى ۋە كەڭ ئاممىنى تەسىرلەندۈرگەنلىكى ۋە ئۇ-
لارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، جاي-
لار يېزا كلوبلىرى ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ ۋە
ئىئانە توپلاپ كلوب ئۈچۈن قىرائەتخانا، خۇەندىڭ ئاپپا-
راتى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۈيى، تەنتەربىيە مەي-
دانلىرى بەرپا قىلىپ چىققاندىن تاشقىرى 2—3 موغىچە
يەر ئاجرىتىپ بېرىپ، كلوبتا ئىشلەيدىغان خادىمنىڭ
قوشۇمچە ھەق مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن
ھەر قايسى رايونلار بەس - بەس بىلەن ئىشتىن سىرتقى
سەنئەت ئۈيى ۋە تەنتەربىيە كوماندىلىرىنى تەشكىل-
لەپ رايونلار بىلەن رايونلار ئاراسەنئەت كۆرىكى ۋە تەن-
تەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولغان.
56 — 57 - يىللىرى ناھىيە بويىچە 35 ئورۇندا يېزا
كلوبى، 26 ئورۇندا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۈيى، 31
ئورۇندا ۋالىبول، ۋاسكىتبول كوماندىلىرى تەشكىل قىلىن-
غان. خاس 3- رايون (ھازىرقى كۆكتېرەك يېزىسى) دىكى
16 كوپېراتسىيە ئىچىدىن 10 ئورۇندا يېزا كلوبى،
ئالتە ئورۇندا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۈيى قۇرۇلغان،
زىيا ۋىدىنى تۇردى، ئۆمەر مىمىتنىز قاتارلىقلار شۇ
چاغدىكى يېزا كلوبىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى، بەدىي روزى،

نورمىتىللاشىش، ئابلىز سادىرلار ئىشتىن سىرتقى سەنئە-
ئەت دۆيىسىنىڭ ئارتىسلىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردىكى يېزا
كلوبى قارمىقىدىكى تەنتەربىيە دۆيى ۋە سەنئەتكە قات-
نىشىدىغانلار ئىلتىماس يېزىش ئارقىلىق يېزا كلوب
ھەيئەتلىرى مۇزاكىرىلىشىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن
قوبۇل قىلىناتتى. 1959- يىلى خەلق كوممۇنىسى ۋە
جامائەت ئاشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيە بويىچە
قېرى - ياش، ئەر - ئايال دېمەستىن بىر دانە دۇتار،
بىر چېكىم تاماكا، بىر چەينەك قايناقسۇ بىلەنمۇ ھەممە
كىشى تانسا ئويناش پائالىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرغان،
تانسا ئوينايدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولاتتى.
1961- يىلى كادىرلارنى ئەمگەكتە چېنىقتۇرۇش، ھەممە
ئادەم يېزا ئىگىلىكى بىلەن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بى-
لەن كەڭ شۇغۇللىنىش دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن نا-
ھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرلىرى گۈلباغدىكى
كادىرلار مەيدانىغا بىر يىللىق ئەمگەككە چۈشۈرۈلگەنلى-
كى ئۈچۈن، يېزا مەدەنىيەت كلوبلىرىنىڭ خىزمىتىنى
سۈرۈشتە قىلىشقا ئادەم بولمىغاچقا پەيدىنپەي سۇس-
لىشىپ ئاخىرى پائالىيىتى توختاپ، ئىشىكى تاقىلىپ، ئىش-
تىن سىرتقى سەنئەت ۋە تەنتەربىيە دۆيلىرى تارقىلىپ،
يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. 1963- يىلدىن
65- يىلغىچە يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى
يۈكسىلىۋاتقان چاغلاردا بەزى جايلاردا يېزا مەدەنى-
يەت كلوبىنىڭ قىرائەتخانىلىرى ساقلىنىپ قالغان. 1965-
يىلدىن 1975- يىلغىچە بولغان ئون يىللىق مالىمانچىلىق

مەزگىلىدە شەھەر ـ يېزىلاردا مەدەنىيەت خادىملىرى «قارا ئىسىپ»، «جىن ـ شەيتان» دەپ قارىلىنىپ كۈرەش ـ سىپەنىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغاچقا، بۇ خىزمەتنى تۇتىدىغان ئادەم بولمىغان، ئۇبدان ئېقىشقا چۈشكەن ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى تارقىتىۋېتىلگەن، ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان كىتاب ـ ژۇرناللار «زەھەرلىك چۆپ»، «سېرىق كىتاب» دەپ قارىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت گادايلىقى، بۇرۇقتۇملۇق ھالەت شەكىللەنگەن. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بۇ مەز-گىللەردىكى پائالىيىتى قارا تاختاي چىقىرىش، شىنخۇا-شىنىڭ رەسىملىرىنى كوچىغا قويۇپ قويۇش، بىر قانچە پارچە كىتابلار بىلەنلا قىرائەتخانا ئېچىشتىن ئىبارەت ئىدى. بەزى گۇڭشېلاردا «سىنىپىي كۈرەش كۆرگەزمىخا-نىسى»، «پرولېتارىياتنىڭ قىزىل كىتاب ئۆيى» قاتارلىق جايلار بەرپا قىلىنىپ، يېزىلارنىڭ ئەسلىدى-كى ئاممىۋى مەدەنىيەت كلۇبلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىل-گەن ئىدى. ئاستا قۇش، ستېنسىرىق، ياپىلاق چاقا، جايىناغۇت، دۆڭباغ، پىيالما، غازچاقا قاتارلىق جايلار ھەتتا بىر قانچە مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ سىنىپىي كۈ-رەش كۆرگەزمىخانىسى ئېچىش بىلەن بىرگە، قىزىللاش-تۇرىمىز دەپ بىر قانچە ئېغىز ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشىنى قىزىل رەڭ ۋە سىردا بوياپ چىققان.

ـ : ۋە ئومۇمەن، گۇما مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئالدىدا قۇ-رۇلغان «مىس جاۋگۈەن» بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا

يۈي كۆك 1944- يىلىدىن 1948- يىلىغىچە، تۆنىياز چاۋار 1948- يىلىدىن 1949- يىلىغىچە، قۇدرەت مۇسا-ھاجى 1952- يىلىدىن 1957- يىلىغىچە، مەھەممەت دا-ۋۇت 1957- يىلىدىن 1958- يىلىغىچە، ھاپىز مەتنىياز 1959- يىلىدىن 1975- يىلىغىچە، رىن شۇشىڭ 1975- يىلىدىن 1977- يىلىغىچە، يۈي تىيەنمىن 1977- يىلىدىن 1980- يىلىغىچە، ئابدۇقادىر ھوشۇر 1981- يىلىدىن 1986- يىلىغىچە، قاۋۇز ئىمىن 1986- يىلىدىن ھازىرغى-چە يۇرت باشلىقى (گوۋەنجاڭ) بولغان. يەنە ۋاڭ شىيۇ 1968- يىلىدىن 1977- يىلىغىچە، رىن شۇشىڭ 1977- يىلىدىن 1978- يىلىغىچە، چىن يۇيلىن 1981- يىلىدىن 1984- يىلىغىچە، ۋاڭ مىن چىڭ 1985- يىلىدىن 1988- يىلىغىچە مۇئاۋىن يۇرت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. مە-دەنىيەت يۇرتىنىڭ ئادەم سانى دەسلەپكى بىر ئادەمدىن تەدرىجىي كۆپىيىپ 1982- يىلى 16 ئادەمگە يەتكەن.

ھەر قايسى دەۋرلەردە مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن خادىملار ئىچىدىن تۆۋەندىكىلەر مەدەنىيەت يۇرتى كەس-پىگە باب كېلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن شۇ مەز-گىللەردە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەتلىرىدە يېڭىلىق-لار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، گۇمىنىڭ شەھەر-يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرىدا يۈكسىلىش ۋەزىيىتى بارلىق-قا كەلگەن. ئۇلار: قۇدرەت مۇسا ھاجى (خەتتات، رەسسام، سەنئەتكار، ئاممىۋى مەدەنىيەت يېتەكچىسى)، ھاپىز مەت-نىياز (سەنئەتچى، تەنتەربىيىچى، ئاممىۋى مەدەنىيەت

تەشكىلاتچىسى)، ۋاڭ شيۇ (خەتتات، سەنئەتكار)، ۋاڭ-
لى دى (رەسسام، خەتتات)، لى داخۇا (خەتتات، فو-
توگراف)، يۈتيەنمىن (خەتتات، فوتوگراف)، ئابدۇقا-
دىر ھوشۇر، قاۋۇز ئىمىن (ئاممىۋى مەدەنىيەت يېتەكچى-
سى) لاردىن ئىبارەت.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11- نۆۋەتلىك
3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1981 - يىلى 31- نومۇرلۇق
ھۆججىتى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ
خىزمەتلىرى بۇرۇنقىدەك بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھا-
لىتىگە خاتىمە بېرىپ ئۆز خىزمىتىنى ئىسلاھات، ئېچىۋې-
تىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھال-
دا قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ مەزگىللەردە ۋىلا-
يەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارما باشلىقى مەممەت
توختى، مىجىت باقى، مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى توختى
قۇربان قاتارلىق رەھبەرلەر بىر قانچە قېتىم كۆمىغا كېلىپ
مۇھىم يوليۇرۇق ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلغاندىن
تاشقىرى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈم مەسئۇلى
ئوسمان مەمەت، گەنسى تۇرسۇنىياز ھەممەت ھۆسۈنلەرمۇ
بۇ ئىشلارغا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. نەتى-
جىدە مەدەنىيەت يۇرتى ئاساسلىق كۆچىنى خەلق سەن-
ئەتچىلىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، خەلق ئىچىدىكى ناخ-
شا - ئاھاڭلارنى توپلاش (لېنتىغا ئېلىش ۋە خاتىرى-
لەش)، خەلق سەنئەتچىلىرىنى تەشكىللەپ ئويۇن قويۇش،
شەھەر ئىچىدە تانسا ئۇيۇشتۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى

ھېكايە، داستان، چۆچەكلەرنى يىغىش، سۆھبەت يىغىلىشى
ئېچىش ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش،
خەلق ئۇسسۇلچىلىرىنى يىغىپ خەلق ئۇسسۇل-
ئويۇنلىرىنى تەتقىق قىلىش، ھەرخىل تېمىدىكى
زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش،
يېزىلارنىڭ تەكتىنى ئېچىپ مەدەنىيەت پونكىت-
لىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇلىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىقلاردا
كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مەدەنىيەت
مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش ئوسمان مەمەتنىڭ
كۆڭۈل بۆلۈپ قوللاپ، قۇۋۋەتلىشى، گەنسى تۇرسۇنمە-
ھەممەت ھۆسنىنىڭ كونكرېتنى يېتەكچىلىك قىلىشى
نەتىجىسىدە 1981- يىلى تۇنجى قېتىم سۈناي ئۆگى-
نىش كۇرسى ئېچىپ، ۋىلايەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىش-
كەندىن كېيىن تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ 1981- يىلدىن
1984- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككىنچى قېتىملىق سۈناي
ئۆگىنىش كۇرسى، مىللىي ئۇسسۇل ئۆگىنىش كۇرسى، مىل-
لىي مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرسى، فوتو سۈرەت كۇرسى،
ھۆسنىخەت (مىللىي، خەنزۇ) ئۆگىنىش كۇرسى، رەسىم
سىزىشنى ئۆگىنىش كۇرسى، تانسا ئۆگىنىش كۇرسى،
مەدەنىيەت پونكىتى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى قا-
تارلىق جەمئىي 17 قارار كۇرس ئېچىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن
597 نەپەر مەدەنىيەت - سەنئەت تالانتلىرىنى يېتىش-
تۈرۈپ بەرگەن. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بول-
غىنى شۇكى، 1982- يىلى 3- ئايدا توختى قۇربانىنىڭ
يولىيورۇقى، ئوسمان مەمەتنىڭ كۆ-

گۈل بولۇپ كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشى، تۇرسۇنمۇ-
ھەممەت ھۆسۈننىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى-
نە تىجىسىدە ئىككىنچى قېتىملىق خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ
سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلى-
رىنى ئىنتىگە ئېلىش، توپلاش، رەتلەش ئاساسىدا «گوما
خەلق ناخشا - قوشاقلىرى توپلىمى» نى ئىشلەپ چىقتى.
بۇ توپلامغا گوما ناھىيىسىدە ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق
ئىچىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئە-
نىۋى ناخشا ئاھاڭلىرى، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازاد-
لىقتىن كېيىنكى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە خەلق
ئىچىدە ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان بىر قەدەر كەڭ ئىجتىمائىي
ئاساسقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر، تاجىك قاتارلىق مىللەت-
لەرنىڭ 70 تىن ئارتۇق ناخشا - قوشاقلىرى كىرگۈزۈل-
گەن بولۇپ، بۇ گوما ناھىيىسىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت
تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي ئاساستا رەتلەپ چى-
قىلغان چوڭ ھەجىملىك توپلام ئىدى. توپلامنىڭ
بىر نۇسخىسى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نا-
زارىتىگە، يەنە بىر نۇسخىسى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ما-
ئارىپ باشقارمىسىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىگە يوللاپ بې-
رىلگەندىن كېيىن، باشقارما ۋە مەدەنىيەت بۆلۈمى مەس-
ئۇللىرى ۋىلايەت بويىچە چاقىرىلغان مەدەنىيەت يىغى-
نىدا ئالاھىدە تەقدىرلىگەن. «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە شىنجاڭ
خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەخسۇس خەۋەر قىلغان ئىدى.
1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى-
نىڭ 150 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى ئاجرىتىپ-

بېرىشى نەتىجىسىدە، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ 520$m^2$ لىق ئىككى قەۋەت يېڭى خىزمەت بىناسى پۈتۈپ خىزمەت شارائىتى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. شۇندىن بۇيان مەدەنىيەت يۇرتى ھۆسنى-خەت، فوتو سۈرەت، تانسا ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ئادەم تەربىيىلەش، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قارا تاختاي تەشۋىقاتى، گېزىت تەشۋىقاتىنى يولغا قويۇش، تانسا، مەشرەپ ئويۇشتۇرۇش، يېزىلاردا فوتو سۈرەت، قول سىزما، ھۆسنى-خەت كۆرگەزمىسى ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ گۇمنىڭ شەھەر - يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلمەكتە.

## يېزا (بازار) مەدەنىيەت پونكىتلىرى

### 1. مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ رولى.

1981- يىلى مەركەزنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى (81) 31- نومۇرلۇق ھۆججىتى يېتىپ كەلدى. بۇ ھۆججەت ئازادلىقتىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەخسۇس مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدا چىقىرىلغان، پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، ھۆججەت روھىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇ-

زۇش نەتىجىسىدە ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى يېزا (با-زار) لىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1982- يىلى 3- ئايدا مەدەنىيەتمائارىپ بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇناسىۋەتلىك تار-ماقلاردىن ئادەم قاتناشتۇرۇپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى تەش-كىللەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئىشتىن سىرتقى بولۇش، ئىختىيارىي بولۇش، كۆپخىل بولۇش، ئىقتىسادچان بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن شەرتى پىش-شىپ يېتىشكەن نىشاندا يېزىسى، سانجو يېزىسى قاتار-لىق جايلاردا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. ھەر قايسى مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا مەھەل-لە ـ گۇرۇپىدىن يۇقىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىۋى ۋەكىللىرى، ئىدارە ـ جەمئىيەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ 1000دىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىپ، مەدەنىيەت پونكىتلى-رىنىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى داغدۇغىلىق بولدى. شۇ يى-غىنلاردا يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىدىن باش-لاپ ئاممىۋى ۋەكىللىرىگىچە مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى قول-لاش ئىرادىنامىلىرىنى بىلدۈرۈشتى ۋە نەق پۇل، كىتاب-ژۇرنال، ئۆي ـ ئىمارەت، جوزا ـ بەندىڭ، تەنتەربىيە سايمانلىرى، سەنئەت ساز، كىيىم ـ كېچەكلىرى، ياغاچ، رەسىم ئاپپاراتى، رەخت، پوكەي ۋە باشقا مەدەنىيەت پون-كىتلىرى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. گۇما بازىرى 1984- يىلىدۆلەتكە قول سوزماي 23 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ

$126m^2$ لىق كۆركەم مەدەنىيەت پونكىتىنى سېلىپ چىقتى.
1982- يىلى 6-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازا-
رىتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مەكتەپ ناھىيىسىدە يېزا ئاممىۋى
مەدەنىيەت نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، مەدەنىيەت پون-
كىتى قۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى كېڭەيتتى.
ئىلغار پونكىتلارنى تەقدىرلىدى. شۇ يىلى 8-ئايدا خو-
تەن يەرلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت
خىزمەت يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا شۇ چاغدا ناھىيىلىك
پارتكومنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇ-
ئاۋىن شۇجى يولداش مەمتىمىن ھاشىم ھەر قايسى يې-
زا (بازار) لارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىردىن كىشى، شۇ-
نىڭدەك ھەر قايسى مەدەنىيەت سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ
مەسئۇللىرى، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ۋەكىللىرى
بولۇپ 18 كىشى قاتناشقان. يىغىندا ناھىيىلىك سەن-
ئەت ئۆمىكى، سانجو يېزا كىنو دۈيى ئىلغار ئورۇن، قۇد-
رەت مۇساھاجى، دەيشۇمى، مەتسادىر مەمەت، ئابدۇغىنى
ئوسمان، مەمەت مەترېھىملار ئىلغار خىزمەتچى بو-
لۇپ تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان. بۇلاردىن قۇدرەت
مۇساھاجى بىلەن مەتسادىر مەمەت، ئابدۇرېشىت ھۆسۈن
ئاپتونوم رايوندىكى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش يىغىنىغا
قاتنىشىپ، مۇكاپات بۇيۇمى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا
ئېرىشكەن. شۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەر-
قايسى يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئارقا- ئارقىدىن

يېزا ـ مەھەللە ئاخىرىغىچە يىلىنىڭ ـ 1984 قۇرۇلۇپ
(بازار) لاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرى (كىلىنىياك يېزىس-
دىن باشقا) قۇرۇلۇپ، خادىملىرى 25 نەپەرگە، ئۆي ـ
ئىمارەتلىرى $2976m^2$ غا يەتكەن. بۇندىن تاشقىرى
154 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلغان ئىدى.

ھازىر مەدەنىيەت پونكىتلىرىدا 18 دانە پوكەي، 14 دانە جاۋەن، 52 دانە جوزا، 107 دانە بەندىڭ، 23 دانە مەش، 38 دانە قارادوسكا، 18 دانە بىلىيارت، 10 دانە رەسىم ئاپپاراتى، 4 دانە رەسىم چوڭايتىش ئاپپاراتى، 5 دانە سىنئالغۇ، 8 دانە ۋالىبول جازىسى قاتارلىق مۇلۈكلەر ۋە 28589 پارچە ھەرخىل كىتاب ـ ژۇرناللار بار.

يۇقىرىنىڭ مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى يېزىلار قۇرۇش، دۆلەت مۇۋاپىق ياردەم بېرىش دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئۈچۈن 1985 ـ يىلىدىن بۇيان قالدۇرۇلغان ھۆددە راسخوت 15 مىڭ يۇەن ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ راسخوت خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، قىسمەن ئىسسىنىش ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدۇ. ھازىر مەدەنىيەت پونكىتلىرىدا ئابدۇقادىر توخسۇن، ئالتۇنگۈل ئابدۇۋەلى، بىلىقىز ئابدۇللا، ئەخمەتجان ئابدۇقادىر، ئايشەمگۈل قاسىم، رابىيە ئاۋۇت، ئابلىز ھامۇت، ھۆسۈن سايىم، سىتىنىسا ئابدۇغىنى، ئارزىگۈل ئابدۇغىنى، تۆمەرجان تۆمۈر، مىراۋىت ئەخمەت، ئابلىكىم يۈسۈپ، ئابلىمىت باۋۇدۇن، ئەركىن ئابدۇخالىق قاتارلىق 15 نەپەر كىشى ئىشلەۋاتىدۇ. بۇلاردىن بەش نەپىرى تەكلىپ قىلىنغان كادىر بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 170 يۇەن ئەتراپىدا. توققۇز نەپىرى

ۋاقىتلىق خادىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى 60
يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى
بۇلاردىن يولداش خۇسيۇن سايىم ئاپتونوم رايونلۇق
مەدەنىيەت سەنئەت كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇدى. بىلقىز
ئابدۇللا، سىتىنىسا ئابدۇغېنى، رابىيە ئاۋۇت قاتارلىقلار
ۋىلايەتتە ئېچىلغان مەدەنىيەت پونكىتى خادىملىرىنى
تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇدى. قالغانلار ناھىيىلىك
مائارىپ ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت يۇرتى ئاچقان مەدەنى-
يەت پونكىتى خادىملىرىنى كەسىپ بويىچە تەربىيىلەش
كۇرسلىرىغا تۆت قاتار قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيە-
سىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى
ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ
ئاساسلىق قوشۇنىغا، كەسپىي تايانچلىرىغا ئايلىنىپ
قالدى.

مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئۆزىنىڭ ماددىي شەرت -
شارائىتىغا ۋە شۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي
تۇرمۇشىغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن قىرائەتخانا
ئېچىش، كىتاب ئارىيەت بېرىش، قارا تاختاي تەشۋىقاتى،
سۈرەت تارتىش، كۆرگەزمە ئېچىش، مەدەنىي ئويۇنچۇق-
لارنى باشقۇرۇش، تانسا - مەشرەپ ئويۇشتۇرۇش، خەلق
سەنئەتچىلىرىنى باشقۇرۇش، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى
باشقۇرۇش، خەلق ئاھاڭلىرىنى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبى-
ياتىنى توپلاش، ھەرخىل تۈردىكى تەنتەربىيە پائالىيەت-
لىرىنى ئويۇشتۇرۇش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش لېكسىيە-
لىرىنى ئويۇشتۇرۇش، ياكى كۇرس ئېچىش،

قاتارلىق مەزمۇنى ساغلام، ئامما ياقتۇرىدىغان كۆپ خىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئاممىنى سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئاڭ بىلەن تەربىيىلەپ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە تىگىشلىك ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىماقتا.

2. ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيلىرى.

يېزا - بازارلاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيلىرىنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بەردى. 1983 - يىلدىن كېيىن خېلى بىر قىسىم يېزىلاردا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيلىرى قۇرۇلۇپ، بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ناھايىتى جانلىق بولغان ئىدى. قوشتاغ يېزىسىدا 23 كىشىلىك، نىشاندار يېزىسىدا 12 كىشىلىك، كۆكتېرەك يېزىسىدا 15 كىشىلىك، چودا يېزىسىدا 17 كىشىلىك، موجى يېزىسىدا 21 كىشىلىك، سانجو يېزىسىدا 29 كىشىلىك، زاڭگۈي يېزىسىدا 15 كىشىلىك، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە 28 كىشىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار نومۇرلارنى ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ ياكى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرى ئويناپ چىققان. يېزىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازراق ياردەم بەرگەندىن سىرت قوشۇمچە ياردەم مەنبەئى بولمىغان شارائىتتىمۇ بېلەت سېتىپ ئويۇن قويۇش ئارقىلىق ئاساسەن

ئۆزىنى تەمىنلىگەن. سەنئەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقان ياشلار ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نومۇرلىرى يەرلىكتىن ئېلىنغانچقا، خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ كۆرەتتى. 1983 - يىلىنىڭ ئۆكتەبىر، ئايىرىمىدا ناھىيە بويىچە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيلىرىنىڭ كۆرىكى ئۆتكۈزۈلۈپ سانجو سەنئەت دۆيى بىرىنچىلىككە، قوشتاغ سەنئەت دۆيى ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن، سانجو سەنئەت دۆيى ئورۇنلىغان «ئۆكەي ئانا»، «سانجۇ مەشرىپى»، قوشتاغ سەنئەت دۆيى ئورۇنلىغان «يۇرتىمىز گۈزەل»، «تويغا ماڭدۇق»، نىشاندار سەنئەت دۆيى ئورۇنلىغان «دوراش»، كۆكتېرەك سەنئەت دۆيى ئورۇنلىغان «باينىڭ خوتۇنى»، «بۇلبۇلۇم»، زاڭگۇي سەنئەت دۆيى ئورۇنلىغان «سېغىنىپ كەلدىم»، «يارنىڭ ياغلىقى»، «قارا كۆز» قاتارلىق نومۇرلار بىرىنچى دەرىجىگە ئېرىشىپ ئالاھىدە مۇكاپاتلانغان ۋە ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ناھىيە بويىچە چوڭ كۆلەملىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى بولۇپ، يۇقىرىقى سەككىز سەنئەت دۆيى تاللانغان نومۇرلارنى تۆت ئاخشام ئاممىغا كۆرسەتكەن. كۆرگۈچىلەر 4785 ئادەم قېتىمغا يەتكەن. بېلەت سېتىش ئارقىلىق قىلىنغان كىرىم بىلەن بۇ قېتىمقى كۆرەككە قاتناشقان بارلىق ئارتىس ۋە خىزمەتچى خادىملارغا ئون يۈەنلىكتىن يۇقىرى بىردىن خاتىرە بۇيۇم تارقىتىپ بېرىلگەن، شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كۆرىكىدە گوما ناھىيىسى بىرىنچى

دەرىجىگە ئېرىشكەن ۋە ئەبەي تۇردى، مىجىت مەتقۇربان، ئابلىكىم مەمەت قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشقان؛

گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ، نىشاندار، كۆكتېرەك، چودا، موجى، سانجۇ، زاڭگۇي قاتارلىق يېزىلاردا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيىلىرى ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدىن كېيىنمۇ خېلى بىر مەزگىلچە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەت ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن ئۆز يېزا دائىرىسىدىن چىقىپ پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدىكى ھەر قايسى يېزا-كەنتلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ، سەييارە ئويۇن قويۇپ مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن ئىدى. مىجىت مەتقۇربان، ئازادگۈل مەتنىياز قاتارلىقلار يەنى ۋاقىتتا سانجۇ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيىنىڭ ئارتىسلىرى بولۇپ، ھازىر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئاساسلىق ئارتىسلاردىن بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قوشتاغ سەنئەت دۆيى، زاڭگۇي سەنئەت دۆيى قاتارلىق دۆيىلەر تاكى 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تارقىلىپ كەتمەستىن نورمال ئىجاد قىلىپ، ئويۇن قويۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ قاراقاش، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ يېزا-بازارلىرىغىچە بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇشنى داۋاملا-

ىلاشتۇرغان. لېكىن كېيىنچە ھەر خىل ئويۇن تۈرلىرى-نىڭ كۆپىيىشى، تېلېۋىزور، سىنالغۇنىڭ ئومۇملىشىشى، سەنئەت ئويۇنلىرىغا بولغان تەلەپنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ يۇقىرىقى ئېشىش سىرتقى سەنئەت دۆيلىرى 1987 - يىلى-نىڭ ئاخىرىدا ئۆزلۈكىدىن پۈتۈنلەي تارقىلىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ لاق سۈيى توختاپ قالمىغانىدەك 1991-يىلى 2 - ئايدا تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈنىنىڭ تەشەببۇس كۆرسىتىشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن 23 كىشىدىن تەركىب تاپقان «مۇقام ساداسى» ئېشىش سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەكنىڭ ئارتىسلىرى ئىدارە- جەمئىيەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە بازار ئاھالىلىرىدىن ئىبا-رەت بولۇپ، ئۇلار قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ «پەنجىگاھ»، «راك»، «چەبىيات» مۇقاملىرىنىڭ پارچىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ نومۇر تەييار-لاپ بىرقانچە مەيدان ئويۇن قويۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت خىزمى-تىگە مەسئۇل ھاكىمى يولداش ئوسمان مەمەتنىڭ بى-ۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشى، مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى جەھە-تىن زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى بىلەن 1992- يىلى 25- ئۆكتەبىردىن 28- ئۆكتەبىرگىچە ناھىيە بويىچە بەشىنچى قېتىملىق ئېشىش سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ كۆ-رىكى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى كۆرەككە نەۋائابات تاجىك مىللىي يېزىسى، كىلىيالىڭ، قوشتاغ، پىشنا، گۇما بازىرى، سانجۇ، موجى، زاڭگۇي، دۇۋا بازىرى، تاشىول ئۇچاس-

تىكىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەشكىللەنگەن ئۇن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى، 225 نەپەر ئارتىس ھەرخىل تۈردىكى 167 نومۇرغا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى كۆرەككە قاتناشقان ئادەم ۋە نومۇرلار كۆپ، سۈپىتى ئالدىنقى ھەر قانداق چاغدىكى ئىشتىن سىرتقى كۆرەكلەرنىڭكىدىن ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئىنتايىن ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

## 3. باب كۇتۇپخانا

1952 - يىلى گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قارمىقىدا قىرائەتخانا ئېچىلغان. شۇندىن بۇيان قىرائەتخانا مەدەنىيەت يۇرتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق كۇتۇپخانا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قارمىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئورۇن بولۇپ تەسىس قىلىندى. ئوگۇاڭيۈي مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئالتە نەپەر خادىم بېكىتىلگەن ئىدى. 1987 - يىلدىن كېيىن يولداش ھۆسنەرىخان بەدەل كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىپ كەلمەكتە. كۇتۇپخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قىرائەتخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 45000 پارچە خەنزۇچە، 4000 پارچە ئۇيغۇرچە جەمئىي 49000 پارچە كىتاب، يەنە 15 دانە كىتاب جازىسى، 23 جۈپ قىرائەتخانا جوزا- ئورۇندۇقلىرى كۇتۇپخانىغا ئايرىپ بېرىلدى.

1988 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسى پۈتۈپ كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئۈچ مو بېغى، 35 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تال- بارىڭى، $1800m^2$ ئۆي- ئىمارەت

«ۋاسىلىسا»، «تاشكۆل»، «پەرغانە قانىلى»، «موسكۋا بوسۇغىسى» قاتارلىق ئۆزبېك ۋە رۇس تىلىدىكى فىلىملەردىن ئىبارەت بولۇپ قىسمەن ساندا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېلىنغان ئۆزبېك تىلىدىكى ژۇرناللارمۇ قويۇلاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن گۇما ناھىيىسىنىڭ كىنو ئىشلىرى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىلىق يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلىپ ناھىيە مەركىزىدىن باشلاپ ھەرقايسى چەت يۇلۇڭ پۇشقاقلارغىچە كىنو تورى شەكىللىنىپ، ھەممە كىشى كىنودىن بەھرىمەن بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە بازىرىدا 35mm مېترلىق بىر يۈرۈش كىنو ئاپپاراتى، قوشام قۇرۇلمىلىق 700 كىشىلىك ياغاچ ئورۇندۇقلۇق ئۈستى ئوچۇق ئاددىي كىنو كۆرۈش سورۇنى، ئابلىمىت مىمتىلى، قادىر پاسا، ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئۈچ نەپەر مېخانىكنىڭ خادىم بار بولۇپ، قەشقەر ۋە خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن سوۋېت فىلىملىرى ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سوقۇش فىلىملەر قويۇلۇپ، ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كىنو كۆرۈش ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇراتتى، ئۇ چاغلاردا كىنو قويۇش سانى، تاماشىبىنلار سانى، ئومۇمىي كىرىم، ساپ كىرىم قاتارلىق تۆت چوڭ كۆرسەتكۈچ ئېنىق بولمىسىمۇ لېكىن كىنو قويغۇچى خادىملارنىڭ جاپالىق ئىشلىشى

نەتىجىسىدە يۇقىرىقى سان كۆرسەتكۈچلىرى يىلمۇ يىل ئېشىپ باراتتى، ئۇ ۋاقىتتا بىلەت باھاسى بىر موچەن (بىر موچەنگە بازاردا ئۈچ تۇخۇم ياكى بىر توم نان سېتىۋالغىلى بولاتتى) بولۇپ تۆۋەن باھادا فىلىم ئىجا- رىسىنى تاپشۇرغاندىن سىرت قالدى كىرىم مائاش، مۈلۈك سېتىۋېلىش، كەسپىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىناتتى، 1961- يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدىن باشقا موجى، قوشتاغ، سانجۇ، زاڭگۈي قاتارلىق يېزىلاردا 16mm لىق ئاپپا- راتتا كىنو قويۇش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، كىنو قويغۇچى خادىملار سانى 23 كىشىگە يەتكەن. 1964- يىلى دۆلەت باشقۇرغان ناھىيىلىك كىنوخانا (باشلىقى ئۇرمەت ئىبراھىم) 1- كىنو قويۇش ئەترىتى ۋە كوللېك- تىپ باشقۇرۇشىدىكى قوشتاغ كىنو ئەترىتى، سانجۇ كىنو ئەترىتى قاتارلىق ئالتە كىنو قويۇش ئورنى بەرپا قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كىنودىن بەھرىمان بولۇشى ئاساسەن تەمىن ئېتىلگەن، يۇقىرىقى ئالتە ئورۇندىكى كىنو قويغۇچى خادىملارنىڭ سانى 26 كىشىگە يەتكەن، 1970- يىلى موكويلا، قارتاغىز قاتارلىق جايلاردا ئىككى كىنو ئەترىتى قۇرۇلۇپ كىنو قويۇش ئورۇنلىرىنىڭ سانى سەككىزگە يەتكەن. 1971- يىلى ناۋ ئابات تاجىك مىللىي يېزىسى، كۆكتېرەك، پىيالما، چارۋا مەيدان قاتارلىق جايلارغا 8·75mm لىق كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى سەپ- لىنىپ كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 12 گە يەتكەن. 1978- يىلى دوۋا، پوسكا، سانجۇ تاشىرىق قاتارلىق ئورۇن-

«ۋاسىلسا»، «تاشكۆل»، «پەرغانە قانىلى»، «موسكۋا بوسۇغىسى» قاتارلىق ئۆزبېك ۋە رۇس تىلىدىكى فىلىملەردىن ئىبارەت بولۇپ قىسمەن ساندا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئېلىنغان ئۆزبېك تىلىدىكى ژۇرناللارمۇ قويۇلاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن گۇما ناھىيىسىنىڭ كىنو ئىشلىرى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا دۆلەتنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىلىق يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلىپ ناھىيە مەركىزىدىن باشلاپ ھەرقايسى چەت يۇلۇڭ يۇشقاقلارغىچە كىنو تورى شەكىللىنىپ، ھەممە كىشى كىنودىن بەھرىمەن بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە بازىرىدا 35mm مېترلىق بىر يۈرۈش كىنو ئاپپاراتى، قوشام قۇرۇلىسلىق 700 كىشىلىك ياغاچ ئورۇندۇقلۇق ئۈستى ئوچۇق ئاددىي كىنو كۆرۈش سورۇنى، ئابلىميت ممتىلى، قادىر پاسا، ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئۈچ نەپەر مېخانىكنىڭ خادىم بار بولۇپ، قەشقەر ۋە خوتەندىن كەلتۈرۈلگەن سوۋېت فىلىملىرى ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سوقۇش فىلىملەر قويۇلۇپ، ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كىنو كۆرۈش ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇراتتى، ئۇ چاغلاردا كىنو قويۇش سانى، تاماشىبىنلار سانى، ئومۇمىي كىرىم، ساپ كىرىم قاتارلىق تۆت چوڭ كۆرسەتكۈچ ئېنىق بولمىسىمۇ لېكىن كىنو قويغۇچى خادىملارنىڭ جاپالىق ئىشلىشى

نەتىجىسىدە يېقىنقى سان كۆرسەتكۈچىلىرى يىلمۇ يىل ئېشىپ باراتتى، ئۇ ۋاقىتتا بىلەت باھاسى بىر موچەن (بىر موچەنگە بازاردا ئۈچ تۇخۇم ياكى بىر تۇم نان سېتىۋالغىلى بولاتتى) بولۇپ تۆۋەن باھادا فىلىم ئىجارىسىنى تاپشۇرغاندىن سىرت قالىدى كىرىم ماشىن، مۈلۈك سېتىۋېلىش، كەسپىي ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىناتتى، 1961 - يىلىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدىن باشقا موجى، قوشتاغ، سانجۇ، زاڭگۇي قاتارلىق يېزىلاردا 16mm لىق ئاپپاراتتا كىنو قويۇش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، كىنو قويغۇچى خادىملار سانى 23 كىشىگە يەتكەن. 1964 - يىلى دۆلەت باشقۇرغان ناھىيىلىك كىنوخانا (باشلىقى نۇرمەت ئىبراھىم) 1 - كىنو قويۇش ئەترىتى ۋە كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى قوشتاغ كىنو ئەترىتى، سانجۇ كىنو ئەترىتى قاتارلىق ئالتە كىنو قويۇش ئورنى بەرپا قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كىنودىن بەھرىمان بولۇشى ئاساسەن تەمىن ئېتىلگەن، يېقىنقى ئالتە ئورۇندىكى كىنو قويغۇچى خادىملارنىڭ سانى 26 كىشىگە يەتكەن، 1970 - يىلى موكويلا، قارتاغىز قاتارلىق جايلاردا ئىككى كىنو ئەترىتى قۇرۇلۇپ كىنو قويۇش ئورۇنلىرىنىڭ سانى سەككىزگە يەتكەن. 1971 - يىلى ناۋ ئابات تاجىك مىللىي يېزىسى، كۆكتېرەك، پىيالما، چارۋا مەيدان قاتارلىق جايلارغا 8.75mm لىق كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى سەپلىنىپ كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 12 گە يەتكەن. 1978 - يىلى دوۋا، پوسكا، سانجۇ تاشئېرىق قاتارلىق ئورۇن-

لار 8.75 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 15 كە يەتكەن. 1970 ـ يىلى كىنو ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش، كىنو باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يۇقىرىنىڭ ھۆججەت روھىغا ئاساسەن ناھىيىمىزدە كىنو قويۇش، فىلىم تارقىتىشنى باشقۇرۇش زەنى قۇرۇلۇپ جۇڭشۇرەن باشلىق (زەنجاڭ) بولغان. 1979 ـ يىلى كىنو باشقۇرۇش زەنى كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇشنى باشقۇرۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ لى چۈنفا دىرېكتور، لىتىپ توختى مۇئاۋىن دىرېكتور بولغان. شۇ مەزگىلدە ئىككى قارار كۇرس ئېچىپ 55 نەپەر كىنو قويغۇچىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن. 1984 ـ يىلدىن كېيىن ئابلىز توختىۋاقى دىرېكتور بولغان. شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن فىلىم تارقىتىش، ساي يېتان بىلەن تەمىنلەش، كىنو ئۈسكۈنىلىرىنى ئوبوروت قىلىش، كىنو تەشۋىقاتى، فىلىم تەكشۈرۈش، كىنو قويۇش نۇرلىرىنى بەرپا قىلىش، فىلىم ئىجارىسىنى بېلەت باھاسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، كىنو دۆلىرىنىڭ ھەق يىغىۋېلىش ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش، كىنو قويغۇچى خادىملارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، تۈزۈم، تەمىنات تىلى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ناھىيىمىزنىڭ كىنو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى، بولۇپمۇ پېشقەدەم تېخنىك لىتىپ توختى، نۇرمەت ئىبراھىم، ئابلىز توختىۋاقى قاتارلىق يولداشلار داۋاملىق يېزا-قىشلاقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يېزا-بازار كىنو ئىشلىرىنىڭ تەرەق-

قىياتى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن. 1980-يىلغا كەلگەندە كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 24 گە يېتىپ، نا- ھىيىنىڭ ھەركىمىزىدىن باشلاپ چەت ياقا جايلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كىنودىن ئاساسەن بەھرىمان بو- لالايدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. قىسمەن كىنو ئەترەتلىرىدىكى 8.75 مىللىمېتىرلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى يەيدىنىپەي 16 مىللىمېتىرلىق ئاپپاراتقا ئۆزگەرتىلىپ، ئۈسكۈنىلەر سەپلىنىپ كىنو قويۇش سۈپىتى ئۆسكەن، ئۈنۈمى ياخشى بولغان، كىرىم كۆپەيگەن. كىنو قويغۇ- چى خادىملارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش- لەر بولغان. ھازىر ناھىيە بويىچە 45 نەپەر كىنو قوي- غۇچى خادىم بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇئاۋىن ئىنژېنېر ئۇنۋا- نى ئالغانلار تۆت نەپەر، مېخانىك دەرىجىلىكلەر بەش نەپەر، بىرىنچى دەرىجىلىك كىنوقويغۇچى ئۇنۋانى ئالغانلار 13 نەپەر، ئىككىنچى دەرىجىلىكلەر ئاتتە نەپەر، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەر ئون نەپەر، قالغانلار پراكتىكانت كىنو قويغۇچى خادىملاردۇر.

قوشتاغ يېزا كىنوخانىسى 1992-يىلى ئەلا مۇلا- زىمەت قىلىپ كىنونىڭ يورۇقلۇق، ئاۋازىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىپ، كىنو قويۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يىللىق ئومۇمىي كىرىمنى 29873 يۈەنگە، ساپ پايدىنى 13165.95 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار يېزا - بازار كىنوخانى- سى بولۇپ باھالانغان، ئاپتونوم رايونلۇق كىنو شىر- كىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك كىنو شىركىتى، خوتەن ۋىلا-

| | يۇقىرىدىن بېرىلگەن ۋەزىپە | سانى (سەھنە/دانىسى) | كۆرگۈچىلەر (ئادەم قېتىم) | كىنو قويۇش ئومۇمى كىرىمى | تارقىتىش كىرىمى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1985-يىل | ۋەزىپە | 3100 | 2000000 | 158000 | 45000 |
| | ئورۇندالغىنى | 4539 | 2136082 | 18975289 | 6589062 |
| 1986-يىل | ۋەزىپە | 3100 | 2000000 | 158000 | 45000 |
| | ئورۇندالغىنى | 4268 | 1218297 | 16389329 | 5793594 |
| 1987-يىل | ۋەزىپە | 3100 | 2000000 | 158000 | 45000 |
| | ئورۇندالغىنى | 4484 | 1243982 | 17853334 | 6149984 |
| 1988-يىل | ۋەزىپە | 3100 | 2000000 | 158000 | 55000 |
| | ئورۇندالغىنى | 4410 | 864706 | 17901856 | 7122503 |
| 1989-يىل | ۋەزىپە | 3100 | 2000000 | 158000 | 57000 |
| | ئورۇندالغىنى | 4215 | 608669 | 18510456 | 6409195 |
| 1990-يىل | ۋەزىپە | 3100 | 2000000 | 158000 | 57000 |
| | ئورۇندالغىنى | 4084 | 567259 | 20739213 | 7137194 |
| 1991-يىل | ۋەزىپە | 3100 | 2000000 | 158000 | 58000 |
| | ئورۇندالغىنى | 4163 | 666288 | 246815 | 82755.21 |

يىتى تەۋەسىدىكى بارلىق كىنوخانىلارنى بۇ كىنوخانىنىڭ ئىلغار ئىش پائالىيەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان.

1985 - يىلدىن 1990 - يىلىغىچە بولغان كىنونىڭ ئمانلىق كۆرسەتكۈچى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

## ٥. باب كىنو تىياتىرخانا

گۇمىدا كىنونىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي ھالدا كىنو قويىدىغان سورۇننىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. دەسلەپتە گۇمىدا كىنو بازار ئىچىدىكى چوڭراق دەڭلەردە، ئاق يەرلەردە قويۇلغاچقا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كىنو قويىدىغان مۇۋاپىق ئورۇن بولۇشنى پىلانلاپ 1940- يىلى جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت سۆيەر تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ماددىي جەھەتتىن زور مىقداردا ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 2000 كىشى سىغىدىغان ھەم سەنئەت ئويۇنلىرىنى قويۇشقا بولىدىغان سەھنىسى، گىرىمخانىسى بار، ھەم كىنو قويۇشقا، يىغىلىش قىلىشقا بولىدىغان بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قەشقەر ھېيتگاھ كىلوبىغا ئوخشاش ئىككى تەرىپى كارىدورلۇق، ئۆگزىسى ئۈچ قىرلىق، تۆنىكا مىخلانغان، ئاستىغا شال مىخلانغان (ياتقۇزۇلغان)، كۆركەم، ئازادە بىر كىنو تىياتىرخانا سېلىپ چىققان. بۇ كىنو تىياتىرخانىنىڭ ئورنى ھازىرقى گۇما سودا بازىرىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئەيتى زاماندا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ گۇمىدا «كىلوپ» دېگەن سۆزنىڭ ۋە

چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى ئويۇنخانىنىڭ تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇشى بولۇپ، بۇ كىلوب تاكى 1960- يىللىرىغىچە ئاممىنىڭ كىنو تىياتىر كۆرىدىغان ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى بولۇپ قالغان. ھازىرغىچە «تۆمۈر كىلوب» دېگەن نام كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ساقلانماقتا.

1986- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشى ئارقىلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى $1800m^2$ كۋادرات مېتىرلىق، سېمونت بېتون قۇرۇلمىلىق، توك، سۇ لىنىيىرى يۈرۈشلەشكەن زامانىۋى تۇسكە ئىگە يېڭى تىياتىرخانا سېلىندى. كىنو تىياتىرخانىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2664 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئويۇن كۆرۈش زالىدا 990 كىشىلىك ئورۇندۇق بار. يان تەرىپىدە بۆلۈم -ئىشخانا ۋە ئارتىسلار ياتىقى قاتارلىق ئىمارەتلەر بار. 1987- يىلى مۇھەممەت ساۋۇت كىنو تىياتىرخانىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا بېكىتىلگەن ئىدى. شۇندىن بۇيان كىنو تىياتىرخانىنىڭ ئالدى ۋە سول يان تەرىپى تۆمۈر بىلەن رېشاتكىلىنىپ مەيدانلىرىغا سېمونت ياتقۇزۇلۇپ، مەيدان ئەتراپىغا مەنزىرە ئورمانلىرى ۋە ئەتىر گۈل قاتارلىق ھەرخىل گۈللەر ئۆستۈرۈلۈپ مەنزىرىسى گۈزەللەشتۈرۈلگەن. كىنو تىياتىرخانىدا ئالتە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئۆز كىرىمى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەيدۇ. ھازىر بۇ جاي ناھىيە خاراكتېرلىك مۇھىم چوڭ يىغىنلارنى ئاچىدىغان ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سەنئەت ئويۇنلىرىنى، كىنولارنى كۆرىدىغان، خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشىدىغان مەنزىرىلىك ئورۇننىڭ بىرسىگە ئايلاندى.

## 6. باب ئاجايىپخانىنىڭ ئېچىلىشى

1939 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەرلىكتىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بىلەن بىر- لىكتە گۈمىدا تۇنجى قېتىم ئاجايىپخانا — «ھايۋاناتلار باغچىسى» ئاچقان ئىدى. بۇ باغچا تاكى 1944- يىلىـ غىچە ئېچىلغان بولۇپ، ھەر يىلى 4- ئايدا بىر ئاي ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل ھايۋانات، قۇش، جان ـ جانىۋارلار ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلەتتى ياكى بىر تەرەپ قىلىناتتى. بۇ ئاجايىپخانىغا ئادەتـ تە كىشىلەرنىڭ كۆرەلىشى تەس بولغان گۈمىنىڭ تاغ رايونلىرىدا ۋە جاڭگال سۇ بويلىرىدا ياشايدىغان كېيىك، جەگران، كۆكمەك؛ يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن بۆرى، ئەسـ رە، تۈلكە، داۋىخان، مۈلۈن؛ قۇشلاردىن ئۇلا، كەكلىك، تاغ قاغىسى، قۇم توخۇسى، تاغ قۇشقىچى، چۇلاڭ، ۋات ۋالاق؛ سۇ قۇشلىرىدىن غاز، ئۆردەك، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك، غاڭغىت؛ تۇرنا، لەگلەك؛ يىرتقۇچ قۇشـ لاردىن بۈركۈت، لېچىن، ئىت ئالغۇ، قارچۇغا، قۇرغۇي، قارا سوقام، سا، غىجى، سالۋا، جاغالۋاي، كۆزگىنەك، چۇغدەك، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى تورغىيى، سېغىزخان، كاككۇك، پاختەك، ئەنجان پاختىكى، ھۆپۈپ قاتارلىق 70—80 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل ھايۋاناتلارنى بېقىپ

كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ كۆڭۈل ئېچىشىغا قويۇلاتتى. نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇ ھايۋاناتلارنى كۆرۈپ ھوزۇر ئېلىشاتتى. سۇ قۇشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئىككى دانە چوڭ كۆل ياساپ، ئەتراپىنى تور ۋە رىشاتكا بىلەن توسقان. باشقا ھايۋانلار ئۈچۈن غارال، چىتەن، قۇشلار ئۈچۈن قەپەز - قۇمىلارنى ئورنىتىپ ھەر قايسى ھايۋانات، قۇشلارنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرلىرى بويىچە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرغان. كىشىلەر ھايۋانلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈش بىلەن چۈشەندۇر گۈچىلەر تەرىپىدىن ھەر بىر ھايۋاننىڭ زوئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى، ئۇلارنىڭ پايدا - زىيانلىرىنى ئاڭلاپ ھايۋانات ۋە قۇشلار ھەققىدە پەننىي بىلىم - ساۋاتلارغا ئىگە بولغان ئىدى.

## 7. باب مەدەنىي يادىكارلىقلار

گۈزەل گۇما دىيارىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ دەۋرىمىزگە قالدۇرغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز باشقا جايلاردا ياشىغان ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەن. گۇما ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ۋە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى-چوڭ - كىچىك قەبرە ۋە قەبرىگاھلار، ھەر خىل مەزمۇندىكى قىيا تاش چەكمە رەسىملىرى، قەدىمكى شەھەر كەنت خارابىلىرى، كارۋان يولى ئۆتەڭلىرى، غار - ئۆڭكۈرلەر، ئاتاقلىق زاتلارنىڭ تەۋەررۇك مازارلىرى، قەدىمكى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن كۈمۈش، مىس پۇللار، بۇددىزم خارابە ئىزلىرى، ساپال قاچىلار، گەجگە ئويۇلغان ھەر خىل شەرتلىك بەلگە ۋە تامغىلار، بىناكارلىق ئەندىزىلىرى، كەشتىچىلىك، نەققاشچىلىق، قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك ۋە ھۆسنىخەت نۇسخىلىرى، گۇما دىيارىدا

ئۆتكەن ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ قولىيازما ئەسەرلىرى ۋە باشقىلار.

گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشى 1953- يىلى غەرب شىمال مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەكشۈرۈش ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرگەندە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ئىدى. 1983- يىلىدىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت- مائارىپ باشقارمىسى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى توختى قۇربان، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى رەجەپ يۈسۈپ قاتارلىق يولداشلار بىر قانچە قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ۋە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، گۇما دىيارىدىن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرگە ئائىت بىر قانچە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ۋە مەدەنىي يادىكارلىق ئىزلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى. شۇندىن كېيىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا بۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە مەخسۇس خادىم قويۇلدى ۋە مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسى، دەرىجىسى، قوغدايدىغان خادىم قاتارلىقلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ تېپىلغان بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلار خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدا كۆرگەزمىگە قويۇلۇۋاتىدۇ.

ھازىرغىچە گۇمىنىڭ سانجۇ ۋە كەڭقىر قىرغىز مىللىي

يېزىسى، قوشتاغ يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى تاغ جىلغىلىرىدىن قىيا تاشقا چېكىپ ئويۇلغان ھەر تۈرلۈك شەكىل ۋە خىلمۇ خىل مەزمۇنغا ئىگە رەسىملەر ۋە رەسىملەر توركۈملىرى تېپىلدى. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى ئاساسەن كەڭقىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ ئۇلاچى دېگەن يېرىدىكى سانجۇ دەرياسىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدىكى تاغ جىلغىسىغا ۋە قوشتاغ يېزا باشلىنغاز كەنتىنىڭ كىيىكتۈز دېگەن يېرىدىكى تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان. قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغ ئېغىزلىرى، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ تۇرغان تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى «تاش تام»نىڭ يۈزى بىر قەدەر كەڭ ۋە سىلىق بولغان يېرىگە ئۇرۇپ چېكىش ئارقىلىق ئويۇلغان. رەسىملەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كۈنگە قاقلىنىپ تۇرغانلىقتىن، تاشلار چاك كەتكەن ۋە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلەر ئويغۇرچە، خەنزۇچە ئۆز ئىسمىنى ۋە شوئار قاتارلىقلارنى ئويۇپ قويغاچقا رەسىملەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە كۆپ قىسمى كېيىك، قوي، ئۆچكە، ئوقيا ئېتىپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئادەم رەسىملىرى، كۈن، ئاي رەسىملىرى ۋە قىسمەن خەت شەكىللىرىدىن ئىبارەت. گۇما دىيارلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنى قەدىمدىن تارتىپ گۇما دىيارىدا ياشاپ كەلگەن ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇش

ئەمەلىيتى ۋە تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى جەريانىدا ياراتقان.

ئۇندىن باشقا ياغاچ ئۆيلەك قەدىمكى شەھرى، ئۇجىملىك قەدىمكى شەھرى ۋە بۇتلۇق خارابىسى قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى، مەدەنىيىتى، شان - شۆھرىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدا دۇنياغا تونۇلغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە سۇ مەنبىيىنىڭ ئازىيىشى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، قۇم، بوران ئاپىتى ۋە باشقا تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدىنپەي خارابىلىققا ئايلىنىپ ئاخىرى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. بۇ شەھەرلەر خارابىلىققا! ئايلىنىپ گەرچە خەرىتىدىن ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلە-ئۇجمىچىلىك، ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەت، قاتناش ۋە سودا-سېتىق جەھەتلەردە تەرەققىي قىلغان ئاۋات شەھەرلەردىن بولۇپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم تارىخىي تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. تۆۋەندە گۇمانىھىيسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئىچىدىكى مەشھۇراق بولغانلىرى تاللاپ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

## ئاۋات تۆردى ھاجىم ھويلىسى

بۇ ھويلا قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدە بولۇپ 1929 - يىلى ياسالغان. ياغاچ يۇلغۇن قوشام قۇرۇلمىلىق. ئىمارەت گەۋدىسى

قەسىر شەكلىدە ھەشەمەتلىك ـــ كەڭ ۋە كۇشادە. بىنا-
نىڭ ئىچىدە ئىككى ئايۋان، ئىككى مېھمانخانا، تۆت
ئېغىز مەخسۇس ياتاق ئۆيى، دەھلىز، ئاشخانا، قازى-
ناق قاتارلىق 14 ئېغىز ئۆي بار. ئۆي - ئىمارەت كۆ-
لىمى ئون مو ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئىمارەتنىڭ ئاساسلىق
گەۋدىسى تۇپا، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تاملىرى
يۇلغۇن قوشامدىن ياسالغان بولۇپ، سىرتى سېغىز بى-
لەن، ئۆي ئىچى گەج ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سۇۋال-
غان. تام، تەكچە، مورا بېشى قاتارلىق جايلارغا ھەر-
خىل نەقىشلەر چېكىلىپ چىرايلىق زىننەتلەنگەن. ئالدى
مېھمانخانا تاملارغا ئايەتلەر يېزىلغان. ئوتتۇرا ئايۋان-
نىڭ تۆت تېمى رەڭدار نەقىشلەر بىلەن تولغان، ئوڭ
تەرەپ غەربىي ھۇجرىسىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا تۇردى
ھاجىم قورۇسىنىڭ پىلان خەرىتىسى سىزىلغان بولۇپ،
ھازىرمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. غەرب تەرەپتە بىر ھۇج-
را بولۇپ، ئۈچ تېمىدا نەقىش قىلىپ سىزىپ رەڭ بې-
رىلگەن ھەر خىل گۈل - گىياھ، تەشتەكلىك گۈل، ھۆسنى-
خەتلەر، ئايەت قاتارلىقلار بار. ئۆينىڭ تۇساق پەن-
جىلىرى ياغاچتىن نەقىش گۈل چىقىرىش، قىرىپ رەن-
دىلەپ ئۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق بەكمۇ چىرايلىق ياسال-
غان. ھازىر بۇ ھويلىدىكى توققۇز ئېغىز ئۆي ساقلىنىپ
قالغان. بەش ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئارقا تە-
رەپتىكى ئون نەچچە ئېغىز يىللىقچىلار ئولتۇرىدىغان
ئۆي ۋە شەرق تەرەپتىكى ئېرىق، كۆۋرۈكلەر قالمىغان.
خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئادەم ئولتۇرمىغانلىقى،

ياخشى ئاسرالمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىر قوشقاچ، كەپ-
تەرلەر ئۇۋا ياسايدىغان جايغا ئايلىنىپ، قىسمەن سىر-
ۋاق ۋە تام سۈرەت نەقىشلىرى سويۇلۇپ چۈشكەن.
لېكىن بۇ قورۇلۇش ھەقىقەتەن ئۇيغۇر بىناكارلىق نە-
قىشچىلىك سەنئىتىدە كەم تېپىلىدىغان بەدىئىي قىممەتكە
ئىگە جاي بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مە-
دەنىي يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

## سانجۇ سۈرەت تاش

سۈرەتلەر كەڭرى قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ ئۇلاچى
كەنتىدىكى تاغقا ياندىشىپ بىر قىزىل قوم تاشنىڭ ئۈس-
تىگە ئويۇلغان. تاشنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتر، كەڭلىكى
ئۈچ مېتر. تاش يۈزى سىلىق ۋە يۇمشاق بولۇپ، قات-
تىق سايمان بىلەن چوقۇپ سۈرەت ھاسىل قىلىنغان.
سۈرەتنىڭ يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 1.2 مېتر، كەڭلىكى ئىككى مېتر
كېلىدىغان بولۇپ، بىر چەۋەندازنىڭ ئات ئۈستىدە تۇ-
رۇپ ياغا ئوق سېلىپ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغانلىقى،
بىر نەچچە كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر توپ كېيىكنى
قوغلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. سۈرەت يۈزىنىڭ ئوڭ
تەرەپ يۇقىرى بۆلۈكىدە خەتكە ئوخشايدىغان ئىزلار
بار. بۇنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى زاما-
نىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ جاي ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، قوغ-
دايدىغان مەخسۇس ئادەم قويۇلغان. لېكىن ئاسراش
ياخشى بولمىغاچقا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزىلەر

ﻫﻪﻟﺰﯗﭼﻪ، ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﭼﻪ ﺋﯚﺯ ﺋﯩﺴﻤﯩﺘﯩﻨﻰ، ﺑﻪﺷﯩﯔﻟﺘﯘﺯ ﻗﺎﺗﺎﺭ- ﻟﯩﻘﻼﺭﻧﻰ ﺋﯘﻳﯘﭖ ﻗﻮﻳﻐﺎﻥ.

## ﻳﺎﻏﺎﭺ ﺋﯚﻳﻠﻪﻙ ﻗﻪﺩﯨﻤﻜﻰ ﺷﻪﻫﯩﺮﻯ

ﺑﯘ ﻗﻪﺩﯨﻤﯩﻲ ﺷﻪﻫﻪﺭ ﺧﺎﺭﺍﺑﯩﺴﻰ ﮔﯘﻣﺎ ﻧﺎﻫﯩﻴﻪ ﺑﺎﺯﯨﺮﯨ- ﻧﯩﯔ ﺷﯩﻤﺎﻟﯩﻲ ﻗﯩﺴﻤﯩﻐﺎ 140 ﻛﯩﻠﻮﻣﯧﺘﯩﺮ ﻛﯧﻠﯩﺪﯨﻐﺎﻥ ﺗﻪﻛﻠﯩ- ﻣﺎﻛﺎﻥ ﭼﻮﯓ ﻗﯘﻣﻠﯘﻗﯩﻨﯩﯔ ﮔﯩﺮﯞﯨﻜﯩﮕﻪ ﺟﺎﻳﻼﺷﻘﺎﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺑﯩﻨﺎ ﺑﻮﻟﻐﺎﻥ ﯞﺍﻗﺘﻰ ﺧﻪﻥ ﺳﯘﻻﻟﯩﺴﻰ ﺩﻪﯞﺭﯨﮕﻪ ﺗﻮﻏﺮﺍ ﻛﯧ- ﻟﯩﺪﯗ. ﺑﯘ ﺧﺎﺭﺍﺑﯩﻠﯩﻘﺘﺎ ﻗﻪﺩﯨﻤﻜﻰ ﺯﺍﻣﺎﻧﺪﯨﻦ ﻗﺎﻟﻐﺎﻥ ﻧﻪﺭ- ﺳﯩﻠﻪﺭ ﺋﯩﻨﺘﺎﻳﯩﻦ ﻣﻮﻝ ﺑﻮﻟﯘﭖ 1972- ﻳﯩﻠﻰ ﺋﺎﭘﺘﻮﻧﻮﻡ ﺭﺍﻳﻮﻥ ﺩﻪﺭﯨﺠﯩﻠﯩﻚ ﻗﻮﻏﺪﯨﻠﯩﺪﯨﻐﺎﻥ ﺋﻮﺭﯗﻥ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﺑﯧﻜﯩﺘﯩﻠ- ﮔﻪﻥ. ﺋﻪﺗﺮﺍﭘﺘﯩﻜﻰ ﻛﯩﺸﯩﻠﻪﺭﻧﯩﯔ ﺗﻪﻛﺸﯜﺭﯛﭖ ﻛﯚﺭﯛﺷﻰ ﯞﻩ ﺋﯧﻨﯩﻘﻠﯩﺸﯩﻐﺎ ﻗﺎﺭﯨﻐﺎﻧﺪﺍ ﺑﯘ ﺧﺎﺭﺍﺑﻪ ﺑﻪﺵ ﻗﯩﺴﯩﻤﺪﯨﻦ ﺗﻪﺭﻛﯩﺐ ﺗﺎﭘﻘﺎﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﺟﻪﻧﯘﺑﺘﯩﻦ ﺷﯩﻤﺎﻟﻐﺎ ﺑﯩﺮ ﺗﯘﺯ ﺳﯩﺰﯨﻖ ﻫﺎﺳﯩﻞ ﻗﯩﻠﻐﺎﻥ.

ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﻰ ﻗﯩﺴﻤﻰ ﺑﺎﺷﺒﺎﺯﺍﺭ: ﺑﻪﺵ ﻛﯩﻠﻮﻣﯧﺘﯩﺮ ﺩﺍﺋﯩﺮﯨﺪﻩ ﺗﯚﺕ ﻛﻮﭼﺎ ﺑﺎﺭ. ﺋﯚﺯﯛﻙ - ﺋﯚﺯﯛﻙ ﺗﺎﻣﻼﺭ، ﻗﻪﺑﺮﯨﻠﻪﺭ ﺋﯚﺯ ﭘﯧﺘﯩﭽﻪ ﺳﺎﻗﻼﻧﻐﺎﻥ. ﺗﺎﺳﺎﺩﯨﭙﯩﻲ ﻗﯘﺭﯗﻕ ﺟﻪﺳﻪﺗﻠﻪﺭ ﺋﯘﭼﺮﺍﭖ ﻗﺎﻟﯩﺪﯗ. ﻳﻪﺭ ﺋﯜﺳﺘﯩﮕﻪ ﻛﻮﺯﺍ ﺳﯘﻧﯘﻗﻠﯩﺮﻯ ﺗﻮﺷﯘﭖ ﻛﻪﺗﻜﻪﻥ.

ﺋﯩﻜﻜﯩﻨﭽﻰ ﻗﯩﺴﻤﻰ ﺑﯘﻻﻗﻜﯚﻝ: ﺑﺎﺷﺒﺎﺯﺍﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﺎﺭﯨﻠﯩﻘﻰ ﺋﻮﻥ ﻛﯩﻠﻮﻣﯧﺘﯩﺮ، ﺋﺎﻳﻼﻧﻤﯩﺴﻰ ﻳﻪﺗﺘﻪ ﻛﯩﻠﻮﻣﯧﺘﯩﺮ ﻛﯧﻠﯩﺪﯨﻐﺎﻥ ﭼﻮﯓ ﺑﯩﺮ ﻗﯘﺭﯗﻕ ﻛﯚﻝ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﺋﻪﺗﺮﺍﭘﯩﺪﺍ ﻗﻪﺩﯨﻤﻜﻰ ﺋﯚﻳﻠﻪﺭ ﺋﯧﺮﯨﻘﻼﺭ ﺗﯧﺮﯨﻠﻐﯘ ﺋﯧﺘﯩﺰﻻﺭﻧﯩﯔ ﺋﯩﺰﻯ ﺑﺎﺭ. ﺑﯘﻏﺪﺍﻱ - ﻗﻮ- ﻧﺎﻗﻨﻰ ﻫﯧﻠﻰ ﺋﻮﺭﯗﯞﺍﻟﻐﺎﻧﺪﻩﻙ ﺋﯩﮕﯩﺰﻟﯩﺮﻯ ﻛﯚﺭﯛﻧﯘﭖ ﺗﯘﺭﯨﺪﯗ. ﻳﻪﺭ ﻳﯜﺯﯨﺪﻩ ﺳﺎﭘﺎﻝ ﭘﯘﭼﯘﻗﻠﯩﺮﻯ، ﻗﻪﺩﯨﻤﻜﻰ ﻣﯧﺘﺎﻝ ﭘﯘﻝ، ﻫﻪﺭ-

خىل مارجان ۋە ياقاق، ئۆرۈك، شاپتۇل، جىگدە، كەندىر، كۈنجۈت، بۇغداي، كۆممىقۇناق قوللىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى بار. قەبرىستانلىقتا قۇرۇق جەسەتلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى قىسمى ئىبادەتخانا: ئايلا نمىسى ئون كىلومېتر كېلىدۇ. ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ قېشىدا ياغاچ شادا بىلەن قاشالانغان قەبرىلەر، سۇ تۇگمەننىڭ تېشى ساقلىنىپ قالغان.

تۆتىنچى قىسمى كەندىر كۆل بولۇپ، بىر كۆل بار. ئورنى بەش كۋادرات مېتر كېلىدۇ. كۆلنىڭ سۈيى شورلۇق بولۇپ پۈتۈنلەي قومۇش ئۆسكەن. كۆل لېۋىدە يادىچىلار ئۆيلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى، ھازىر ھەم ئۆسۈپ تۇرغان كەندىر، قومۇش ۋە جىگدە، توغراق، يۇلغۇنلار بار. كۆل ئەتراپىدا بۆرى، ئېيىق، ياۋا بۇغا، ياۋا توخۇ، ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز، ياۋا كەپتەر قاتارلىق ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلار بار.

بەشىنچى قىسمى سېپىللىق: بۇ جاينىڭ كەندىر كۆل بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئورنى 25 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. ئەتراپىدا سېپىل بار. سېپىلنىڭ يېرىمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن. سېپىلنىڭ تېمىنى سېغىز لاي بىلەن چىگداپ مۇستەھكەم ياسىغان. شەھەرنىڭ كوچىلىرى رەتلىك ئېلىنغان. ئۆيلىرى ئازادە قاتار قىلىپ سېلىنغان. خېلى بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا خىش ياتقۇزۇلغان. تاملىرى سېغىزدىن قوپۇرۇلغان. ئېشىك —

دېرىزىلىرىگە جىگدە ياغىچىنىڭ شېلى ئىشلىتىلگەن. ئۆيـ
لەرنىڭ تام، ئىشىك - دېرىزىلىرى ساقلىنىپ قالغان.
بىراق تورۇسلىرى قالمىغان، شەھەر كوچىلىرىنى يەنىلا
ئايلىنىپ چىققىلى، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. خەلق
ئىچىدىن ئىختىيارىي كىرىپ - چىققۇچىلار بۇ جايلاردىن
ساپال پۇچۇقلىرى، مىس يارماق، مارجان، تەڭگە، يامبۇ،
مۆھۈر ياغاچقا يېزىلغان خەتلەرنى تېپىپ چىققان،
قەبرىستانلىقتىكى مېيىت ساندۇقلىرىنىڭ ياغاچلىرى
ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، جەسەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قە-
دىمكى شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر ھويلىدا تامغا
يۆلەنگەن بىر ئايالنىڭ يېرىم ئولتۇرغان جەسىتى بار
بولۇپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان. يۈز كۆزىنى ئېنىق پەرق
ئەتكىلى بولىدۇ.

## سۇلتان سىدىق بۇغراخان مازىرى

بۇ مازار زاڭگۇي يېزىسىدا بولۇپ 650 نەچچە
يىللىق تارىخقا ئىگە. ئەتراپىدا باراقسان توغراقلىق بار.
ئەسلىدە ئىككى مەسچىت، ئىككى تونەكخانا، بىر گەمە، بىر داش
قازان، بىر كۆل بار بولۇپ، ھازىرغىچە داش قازان،
مازاردىكى تۇغ شەدىلار قالدىلغانىدىن سىرت باش-
قىلىرى ۋەيران بولغان. ھەممە قەشقەر، خوتەنلەردىن
كىشىلەر كېلىپ زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا ئافغانىستاننىڭ كاسانى شەھىرىدىن كەلگەن
«سۇلتان سىدىق بۇغراخان» دېگەن كىشى مىلادى 1320-
يىلى بۇ يەردىن ئۆتۈشىدە ۋاپات بولۇپ مۇشۇ يەرگە
دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

## بۇتلۇق

ئۇرنى زاڭگۇي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىگە يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاي گىياھ ئۈنمەيدىغان كەڭرى بىر سايلىق بولۇپ، يەر ئۈستىدىن ساپال پارچىلىرى، بۇت پارچىلىرى، بەش مىسقاللىق مىس پۇل ۋە باشقا يارماقلارنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ يەرگە يېقىن جايدا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت قەبرىستانلىق بار بولۇپ، «شېھىتلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، قارايدىغان مەخسۇس ئادەم بار.

## غاز ئالىم خوجا مازىرى

كۆما بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، تۆز سىزىق بويىچە ئارىلىقى ئالتە كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەسلىدە ئىككى مازار، بەش تۈپ توغراق، بىر مەسچىت بار بولۇپ، ئۇرنى 30 مو كېلەتتى. 1958 - يىلى ۋەيران قىلىنغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئافغانىستانلىق بايا سۇرھەي ۋە ئوغلى تىچىر مۇھەممەت بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ سېھۇەت توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن غاز، ئۆردەكلىرى بولغان. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى كىشىلەر مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىپ قەبرىسىنى

ۋاتۇرۇپ مەسچىت بىنا قىلىپ زىيارەت قىلىدىغان بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مازارنى «غازى باخوجام مازىرى» ياكى «غازى ئالىم خوجا مازىرى» دەپ ئاتاشقان. بۇ جاي ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، خەۋەر تېپىشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلغان.

## خوجا ئوبۇلقاسىم مازىرى

دوۋا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. توقسىز دەرىياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئارىلىقى تۇققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ. ئەسلىدە مەسچىت، شادىلىق سالاسۇن بار بولۇپ، ھازىر ۋەيران بولۇپ كەتكەن. مىلادى 1260 - يىلى ئىرانلىق خوجا مەلىكشاھ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەندە كېسەل بولۇپ قېلىپ، تۇرۇپ قالغان. كېيىن ئىرانلىق ئوبۇلقاسىمخان دېگەن كىشى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ئۇمۇ بۇ يەردە يەرلىشىپ قالغان، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

## ئۈجمىلىك قەدىمكى شەھىرى

ناھىيە بازىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شىمالىغا، ئارىلىقى 42 كىلومېتىر كېلىدىغان قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قېشىغا جايلاشقان. بۇ جايدا قەدىمكى زامان خارابىلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، بۇت سۇنۇقلىرى، ساپال قاچىلار، قەدىمكى زامان ئۆيلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ ئىزلىرى ساقلانماقتا. بۇ جاينى 1957 - يىلى ئاپتونوم

رايون قوغداش ئورنى قىلىپ بېكىتىشنى ئېلان قىلغان. بۇ خەن سۇلالىسى زامانىسىدىكى تۆت ئەتراپى ئۆجمە دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان شەھەر بولۇپ، ئۆجمىلىك شەھىرى دەپ ئاتالغان. كېيىن سۇنلىڭ كېمىيىپ كېتىشى بىلەن شەھەر ۋەيران بولغان.

## كېپىك تۈز سۈرەت تاش

قوشتاغ يېزىسىنىڭ سۇلىغاز كەنتىنىڭ كېپىكتۈز دېگەن يېرىگە جايلاشقان. سۈرەت تاش ئورنى باش سۇلىغاز ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، ئېقىن بويىغا جايلاشقان بولۇپ، سۈرەتلەر كۆك ئاھاك تاش ئۈستىگە قاتتىق جىسىم بىلەن چوقۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان. تاش يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە مېتىر، ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر كېلىدۇ. تاش ئۈستىگە ئويۇلغان سۈرەت ۋە خەتلەر سانجۇ سۈرەت تاش بىلەن ئوخشاش. ئەمما سۈرەتلەر سانجۇ سۈرەت تاشقا قارىغاندا كۆپ ھەم ئېنىق. بۇ ئورۇن 1981 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ھازىر بۇ جايدىن مەخسۇس ئادەم خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ.

## 8. باب يازغۇچى - شائىرلار

گۇمانامىسى ئەزەلدىن يازغۇچى - شائىرلار بىر-قەدەر كۆپ چىققان يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىر-قانچە مىڭ يىللار بۇرۇن بۇ دىياردا ياشىغان ئەمگەك-چان مەرىپەتپەرۋەر ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىن نۇرغۇنلى-غان بىلىملىك كىشىلەر، قوشاقچى، ھېكايە، چۆچەكچىلەر يېتىشىپ چىققان. بۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل ۋەقە، ھادىسىلەرنى قىزى-قارلىق ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ خەلقنى تەر-بىيىلىگەن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن. لېكىن ئۇلار ئىچىدە ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىپ ساقلىغانلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، شۇ ئاز ئەسەرلەرمۇ يىللار، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى، سۇ ئاپىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە باشقا ئىجتىمائىي سەۋەب-لەر توپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ يۇرتتىن يۇرتقا كۆچۈشى نەتىجىسىدە يوقىلىپ كېتىپ بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

پەقەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئەدە-بىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ چىققان ئىسمايىل ھاجىم، مەتتوختى ئاخۇن داموللام، ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمھاجىم، سۇپۇرگە سانجارى، غېرىبى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئاز

بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىزلەرگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «زەھەرلىك چۆپ» دەپ قارىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى (مەسىلەن، مەتتوختى ئاخۇن داموللامنىڭ ئەسىرى) ئۈچۈن ئەسلىدە ئاز بولغان بۇ قىممەتلىك بايلىق تېخىمۇ ئاز قالغان.

پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىشى نەتىجىسىدە بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقىپ، گۇما ناھىيىسىنىڭ جۇمىلىدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە زور تۆھپىلىرىنى قوشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. تۆۋەندە بۇلارنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

### شائىر ئىسمايىل ھاجىم

مەشھۇر شائىر ۋە خەتتات ئىسمايىل ھاجىم 1867 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ ئىسمىسلا كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە ھەر قايسى مەدرىسلەردە مۇكەممەل دىنىي تەلىمات ئالغاندىن تاشقىرى ناۋايى، لۇتفى، نۆبىتى، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن ئۆگىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئاساس سالغان. كېيىنچە ئەرەب تىلى ۋە پارس

تىلىنى پۇختا ئۆگىنىپ قۇرئانغا مەنا ئىپادىلەيدىغان ۋە پارسچە شېئىرلارنى تەرجىمە قىلالايدىغان ھەم پارس تىلىدا ئەسەر يازالايدىغان كامالەتكە يەتكەن.
شائىر ئىسمايىل ھاجىم خەلقپەرۋەر، ئادالەتنى سۆيگۈچى مەرىپەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدا تەجەللى، غېرىبى، مەتتوختى ئاخۇن داموللامغا ئوخشاش داڭلىق بىلىمدانلار، شائىرلار بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتۈپ، پات - پات ئۇچرىشىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئورتاق ئۆگەنگەن ۋە پىكىر ئالماشتۇرغان. شائىر ئىسمايىل ھاجىمنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى كىشى بولغاچقا، ئۆمرىنى ئاساسەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە سەرپ قىلىپ سانسىزلىغان ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. شائىر ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دىۋان قىلىپ توپلاپ ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن مالىمانچىلىقتا ئۇنىڭ زور بىر قىسىم ئەسەرلىرى «كىچىك باتۇرلار» تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى شائىر مۇھەممەت چاۋار رەتلەپ «بۇلاق»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن بۇ ئەسەرلەر ئاپتونوم رايون ھەم خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. شائىر ئىسمايىل ھاجىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ 1950 - يىلى 83 يېشىدا ئۆز ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سازەندە، شائىر مەتتوختى ئاخۇن داموللام

سازەندە، شائىر مەتتوختى ئاخۇن داموللام 1917-يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ قاچىل دېگەن يېرىدە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ھېيت ئاخۇنۇم مۇددەرىس بولۇپ ئۆمرىدە نۇرغۇن تالىپلارنى دىنىي ئىلىم ۋە ئەدەبىيات بويىچە تەربىيىلەپ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچقان. شائىر مەتتوختى ئاخۇن داموللام دەسلەپكى ساۋاتىنى دادىسى ھېيت ئاخۇنۇم ئاچقان مەدرىسىدە چىقارغانىدىن كېيىن قوشتاغقا بېرىپ ئابدۇجېلىل قازىدىن تەلىم ئالغان. ئۇندىن كېيىن گۇما خانىقاغا كېلىپ ئىسمايىل قارىھاجىمدىن، كۆكتېرەكتىكى ئابدۇغىنى داموللامدىن بىلىم ئالغان. كېيىنچە قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ مەدرىسلەرگە بېرىپ بىلىم تەھسىل قىلغان. شائىر بۇ مەزگىللەردە، دىنىي ئىلىم ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ كامالەتكە يېتىش بىلەن بىرگە ناۋايى، فۇزۇلى، شامەشرەپ، نۆبىتى، خوجا ھاپىز شىرازى، سوپى ئاللايار قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان. شائىر ئۆز ھاياتىدا 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئىككى داستان يازغان. يەنە خەلق داستانىنى «ئابدۇراخمانخان خوجا»، «ئات بىلەن تۆگە»، «ماقال ـ تەمسىللەر»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىقلارنى يېزىپ توپلىغان. ئۇ، ئۆز ئۆمرىنى ئۆگىنـ

نىڭ ۋە ئىجادىيەتكە بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن تونۇلغان
شائىر، ئۇستا خەتتات، ماھىر سازەندە بولۇپ يېتىشىپ،
خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ يازغان ئەسەر-
لىرىنى ئۈچ توپلام دەپتەر قىلىپ ساقلىغان بولسىمۇ، بالايىئا-
پەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئاتالمىش تۆت
كونىنى يۇزغۇچىلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. لېكىن
شائىر 42 يىللىق ھاياتىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چوڭ-
قۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تىلى ئىخچام ۋە راۋان
ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلغاچقا كىشىلەر ئېسىدە چوڭ-
قۇر ساقلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كەت-
كەن. ئۇ خەتتات ھەم مۇزىكانت بولۇپ ئۆزى يازغان
شېئىر-نەزمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۆزى ئاھاڭ
ئىشلەپ، ئىككى تارلىق يەرلىك مالچى راۋبى بىلەن
توي-مەرىكە، مەشرەپلەردە ئوقۇپ بېرىپ تۇرغاچقا، بۇ
شېئىرلار خەلق ئىچىگە سىڭىپ ئومۇملىشىپ كەتكەن. شۇ-
نىڭغا ئاساسەن يولداش تۇرسۇن مۇھەممەت ھۆسۈن سانجۇ
يېزىسىدا قېزىش، توپلاش ئېلىپ بېرىپ، شائىرنىڭ «موللىلار»،
«بۇرگىلەر جېڭى»، «بوجاڭلىق تورۇز»، «قوشتاغ سەپەر» قا-
تارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىنى نەشرگە تەييارلاپ 1985-
يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 4-سانىدا ئېلان قىلدۇرغان.
«موللىۋاي بوجاڭ»، «زالىم بەگلەر» قاتارلىق ئىككى شېئىرى
گۇما سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمىدا ئېلان قى-
لىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.
شائىر 1960 - يىلى ۋاقىتسىز ئۆلۈم بىلەن ئالەمدىن
ئۆتكەن.

## ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمھاجىم

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمھاجىم 1926 - يىلى 12 - ئايدا گۇما بازىرىدا شۇ زاماندىكى كاتتا دىنىي ئالىم ۋە ئەدىب ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1934 - يىلى ئاتىسى بىلەن ئەرەبىستانغا ھەج قىلىشقا بېرىپ، مەدىنىدىكى «مەدەرىسى ئۇلۇم» شەرئىيە ئىككى يىل ئوقۇغان، 1937 - يىلى ھەرەمدىن قايتىپ كېلىپ 1941 - يىلغىچە گۇمىدىكى ھىدايىتۇللا ھاجىم، ئابدۇغىنى ئاخۇن داموللام قاتارلىق ئەھلى ئىلىملەردىن تەلىم ئېلىپ، ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە ئەدەبىي ئەسەر- لەرنى ھەم دىنىي جەھەتتىكى پىتقى ھەدىسلەرنى ئۆگى- نىش بىلەن مەشغۇل بولغان. 1949 - يىلى شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈر- گەن. 1955 - يىلغىچە قاغىلىق ناھىيىلىك جامەنىڭ خاتىپى، مۇددەرىس بولغان ھەم دۇكان ئېچىپ تىجا- رەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1955 - يىلى 2 - ئايدا خاتا ئەنزە بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، 1956 - يىلى ئاقلىنىپ چىقىپ، 1959 - يىلى 3 - ئايغىچە سوتسىيا- لىستىك ئۆزگەرتىش ھەم بىرلىكسەپ خىزمەتلىرىدە بول- غان. 1959 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھەق ئەنزە بىلەن قولغا ئېلىنغان. 1979 - يىلى 3 - ئايدا ناھەق ئەنزە ئاقلىنىپ تۈرمىدىن قايتىپ چىققان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي

ئەزاسى. قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ
مۇدىرى، قاغىلىق جامەسىنىڭ خاتىپى قاتارلىق ۋەزىپە-
لەرنى ئۆتىمەكتە.

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم دىنى ۋە پەننىي بى-
لىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماي بەلكى ئەرەب،
پارس، چاغاتاي، خەنزۇ تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان.
ئۇ بىر تەرەپتىن خىزمەتلەرنى جاپاغا چىداپ بېرىلىپ
ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدە-
بىياتى تەتقىقاتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ دىيارىمىز-
دا ئۆتكەن شائىر ھۇسەينخان (تەجەللى)، شائىر ھەم
خەتتات ئىسمايىل ھاجىم، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم-
لارنىڭ ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىدا يېزىلغان.
كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ مەتبۇئاتلاردا
ئېلان قىلدۇرۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى
قاندۇردى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان
«تەجەللى - مۇجەللى» ۋە «بىزۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان
قىلىنغان تەجەللى، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا مۇناسى-
ۋەتلىك مەلۇمات ۋە فوتو سۈرەتلەرنى ئۇزۇن يىل ساق-
لاپ مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ جاما ئەتچىلىك
بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ
جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنىڭ مېۋىسىدۇر.

ئۇ 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ
بۆلۈم ۋە ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى ئاچقان قۇرئاننىڭ
تەپسىرىنى بېكىتىش يىغىنىغا قاتناشقاندىن سىرت تەق-

رىز قىسمىنى يېزىپ تاماملىدى، ھەمدە 20 مىسرالىق قەسىدە يېزىپ يىغىندا ئوقۇپ بېرىپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1988 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنى ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىش بىلەن بىرگە ئەرەب تىلى گراممatikىسىنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ چىقتى ھەمدە بىرقانچە پارچە دەرسلىك تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمھاجىمنى دۆلىتىمىزنىڭ تارىخ ئالىملىرى ئۇن قېتىمدىن ئارتۇق زىيارەت قىلىپ، مەخسۇس ئىلىم - پەن، تارىخ بىلىملىرى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 1984 - يىلى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پارس تىلىدا خەلقئاراغا ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاغىلىقىقا كېلىپ ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمھاجىمدىن شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى، شىنجاڭدا ئۆتكەن ئالىم - ئەدىبلەر، مىللىي تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق 13 تېمىدا سوئال سورىغاندا، ئۇ ناھايىتى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنىلا تىرىشىپ تەجەللىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدەنمەكتە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

**ئابدۇنەيىم مەجىت**

ئابدۇنەيىم مەجىت 1947 - يىلى 6 -

ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گۇما ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1969 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تەقسىم قىلىنىپ تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1885 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسىدە مۇئاۋىن باش تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن، 1990 ـ يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) دا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئالىي مۇھەررىرلىك (پروفېسسور دەرىجىلىك) ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

يولداش ئابدۇنەيىم مىجىت ئۇزاقتىن بۇيان پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت خىزمىتى ۋە پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇيغۇر مىللىتىدە پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتچىلىق خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ تەھرىرلىگەن بىر نەچچە كىتاب دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ 60 پارچە كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى، 15 پارچە كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى، 500 پارچىدەك كىتابنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشىنى ئىشلىگەن. يەنە ياخشى تەسىر بەرگەن

نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلارنى يازغان. ئۇيغۇر پەن - تېخنىكا نەشرىياتچىلىق قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتىمۇ زور تۆھپە قوشقان. ئۇ شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسى ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە زور تەسىرى بار، جەمئىيەتكە تونۇلغان ياش نەشرىيات ئالىمى بولۇپ قالدى.

يولداش ئابدۇنەيىم مىجىتنىڭ نەشرىياتتىكى ۋەزىپىسىدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتى تەبىئىي پەن تەرجىمە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىمۇ بار.

## ئوسمان تۇردى

ئوسمان تۇردى 1939 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيە كۆلتېرەك يېزىسىلايقا كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 - يىلى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان. 1956 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئالىي تېخنىكۇم، ئۇنۋانى ئالىي لېكتور.

يولداش ئوسمان تۇردى 1960 - يىلى 10 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1979 - يىلغىچە قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسى، ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ فۇشۇجىسى قاتار-

لىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1979 - يىلى 9 - ئايدىن 1990 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئادەتتىكى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىلى 8 - ئايدىن 1984 - يىلى 6 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

1984 - يىلى 6 - ئايدا يەنە قەشقەر سىفەن مەكتىپىگە يۆتكىلىپ، ھازىرغىچە مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئوسمان تۇردى خىزمەتكە قاتناشقان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇ كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر مائارىپچى» «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك ناملار بىلەن ۋىلايەت بويىچە تەقدىرلەندى.

1990 - يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

يولداش ئوسمان تۇردى هازىر يەنە قەشقەر شە-
ھەرلىك 10 - نۇۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى،
قەشقەر ۋىلايەتلىك مەكتەپ باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيە-
تىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ
ئۆتەۋاتىدۇ.

## شائىر موللا سۇپۇرگى سانجارى

19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان لىرىك شائىر موللا سۇپۇرگى بىننى موللا توختى سانجارى 1864 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ نىشاندار يېزا سانجار مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما موللا توختى سانجارنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى ساۋاتىنى ئائىلىسىدە چىقارغان، ئاندىن ئىبراھىم ئەلەم ئاخۇنۇمدا بەش يىل ئوقۇپ، يەكەنگە بېرىپ، مەشھۇر مۇدەررىس ئابدۇلمەجىت ھىسار دامولامدىن تەلىم ئالغان.

موللا سۇپۇرگىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى، قەلىمى ئۆتكۈر بولغاچقا، ئۇنى قەشقەر خانلىق مەدرىسكە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر، ئەتراپلىق تونۇشقان. 1885 - يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان بۇخارادىكى «تۆكۈلداش» مەدرىسكە ئوقۇشقا بارغان. ئۇ، بۇ يەردە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام

پەلسەپىسىنى سىستېمىلىق مۇتالىئە قىلىش بىلەن بىرگە خەتتاتلىق سەنئىتىنى ئۆگەنگەن. 1890 - يىلى «تۆكۆلداش» مەدرىسىنى تۈگىتىپ، كۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، مۇدەررىسلىك، تەرجىمىچىلىك ئىشلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شائىر دەسلەپكى ئىجادىيەتنى ئۇيغۇر تىلىدا پارچە - پارچە شېئىرلارنى يېزىشتىن باشلىغان. كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئەرەب، پارس تىلى بىلەن يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشقا كۆچكەن. شائىرنىڭ بىزگىچە «دىۋان غىياس»، «دىۋان سوپۇرگى»، «غېرىبىي سانجارى»، «سوپۇرگى ئاسىي غېرىبا» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، «مەرسىيە غېرىبى» ناملىق شېئىرىي ئەسىرى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا ساقلانماقتا. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق، خەلقچىللىق ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان.

بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، موللا سوپۇرگى سانجارىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا شەرقتە تۈرك تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا نەشىر قىلىنغان. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپلىگەن ئەسەرلىرى يوقاپ كەتكەن. ھازىر «دىۋان غىياس» ۋە تەرجىمە ئەسىرى «ناپاھاتىل ئۈنس» ساقلانماقتا.

شائىر 1936 - يىلى 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

## شائىر مامۇت زايىت

ئاتاقلىق شائىر مامۇت زايىت 1942-يىلى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «مەن باھارنىڭ كۆيچىسى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1959-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «گۈلمىروي» ناملىق شېئىرىي رومانى، «خانتەڭرى قىزى» ناملىق داستانلار توپلىمى، «چارەك ئەسىر نەزمىسى»، «كارۋان يۆيۈك نەزمىسى»، «ئات جۇۋازدا كالا مەيدە»، «سېنى كۈتىمەن»، «باھار قارلىغاچلىرى»، «ئانار رىۋايىتى»، «ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەر» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغاندىن سىرت نۇرغۇنلىغان شېئىر-داستانلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ناخشا تېكىستلىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ ئاممىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ناخشىسىغا ئايلانغان. بىر قىسىملىرى پىلاستىنكا قىلىنىپ ئىشلىنىپ جەمئىيەتكە كەڭ تارقالغان. ئۇندىن باشقا شائىرنىڭ بالىلار تېمىسىدا يازغان ئەسەرلىرىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. 35 يىلدىن بۇيان شائىرنىڭ 3000 پارچىغا يېقىن ئەسىرى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىملىرى خەنزۇ، ئىنگلىز ۋە باشقا تىللاردا نەشر قىلىندى. شائىرنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تەرجىمىھالى چەت ئەللەردە تونۇشتۇرۇلدى. «گۈلمىروي» ناملىق شېئىرىي رومانى ۋە «ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەر» ناملىق كىتابى خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىگە قويۇلدى.

مامۇت زايىت ئازادلىقتىن كېيىن گۇما ناھىيىسىدىن يېتىشىپ چىققان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، ھازىر ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزا-

سى. جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ، ھازىر ئۇ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىزدىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىزدەنمەكتە.

## خۇدۇمبەردى مىزەخمەت

خۇدۇمبەردى مىزەخمەت 1934 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ زاڭگوي يابوي مەھەللىسىدە ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپكى ساۋاتىنى دىنىي مەكتەپتە چىقارغان ھەم بۇ جەرياندا ناۋايى، خوجا ھاپىز، شاھ مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قىزىقىپ ئۆگەنگەن. ئۇ 1952 - يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچنى تاماملىغان، 1958 - يىلىغىچە خوتەن سىفەن ۋە قەشقەر سىفەنىدە ئوقۇغان. 1985 - يىلىغىچە سانجۇ، قوشتاغ، زاڭگۇي ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1985 - يىلى 9 - ئايدىن ھازىرغىچە زاڭگۇي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى 1955 - يىلى باشلانغان بولۇپ «كەتتىم»، «تاغ» ناملىق شېئىرلىرى، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ كەلگ

جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. شۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشىر قىلىنىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق شېرى ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنىلا ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىپ يېڭى ـ يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلماقتا.

## يازغۇچى مىجىت باقى

يازغۇچى مىجىت باقى 1950 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجو يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1978 ـ يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ 1983 ـ يىلى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ ج. ك. پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مائاۋىن باشلىقى، 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

ئۇ 1981 ـ يىلى «ئېھتىياج ئۇچۇن» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 15 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ئۇ يازغان خېلى بىر قىسىم ئوبزورلار جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» دە ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشىر قىلغان.

«ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان ئۆلگىلىك ئەسەرلەر»دە مىسال كەلتۈرۈلگەن.

ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

**ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن**

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن 1940 - يىلى 11 - ئايدا كۆما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلىدىن 1956 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1956 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە شىنجاڭ سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1962 - يىلى خوتەنگە يۆتكىلىپ كېلىپ «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخ-

بىر، تەھرىر بولۇپ، 1975- يىلغىچە ئىشلىگەن. 1975- يىلى 12 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىدا مۇخبىر، تەھرىر، مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ، 1989 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو مەملىكەتلىك ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئاخبارات خىزمىتى بىلەن 30 يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللانغان شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن. 1987 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك مۇخبىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۇ، 1957 - يىلى 3 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» «شىنجاڭ دېھقانلىرى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «كۆللەنگەن يېزام»، «ئۆستەڭ بويىدىكى ئۇچرىشىش» سەرلەۋھىلىك شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە 2500 پارچىغا يېقىن شېئىر، ھېكايە، ئۇچۇر، ئەدەبىي ئاخبارات، زىيارەت خاتىرىسى قاتارلىقلارنى يېزىپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «تارىم»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «باھار تۇيغۇلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى (بىرلەشمە توپلام). «كىملەر مېنىڭ بەختى» ناملىق ھېكايە، ئوچېرك، ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمىنى تەييارلاپ نەشرىياتقا سۇندى. ئۇ يازغان

ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە خەۋەر - ماقالىلىرىدا خوتەننىڭ كىلەم، يىپەك، ئەتلەس، قاشتېشى قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئامىمىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھازىرغا قەدەر ئون پارچىغا يېقىن ئەسىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەملىكەتلىك مىللىي يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## شائىر ئابدۇغېنى سىيىت

شائىر ئابدۇغېنى سىيىت 1942 - يىلى پىيالما يېزىسىنىڭ كۆلبېشى مەھەللىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئائىلىسىدە دەسلەپكى دىنىي تەلىمنى ئالغاندىن كېيىن 1955 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1955 - يىلى 9 - ئايدىن 1961 - يىلغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1958 - يىلى «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ياڭرىتىپ ئېيتسام قوشاق» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات گۈلزارىغا كىرىپ كەلگەن. ھازىرغىچە بولغان 33 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ 800 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرى «خوتەن گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم» ژۇرنىلى، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا

ئېلان قىلىنىپ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىش-كەن. 1961 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن تاكى 1983 - يىلى 7 - ئايغىچە قوش-تاغ، سانجۇ، پىيالما، زاڭگۇي، نىشاندار ئوتتۇرا مەك-تەپلىرىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئېغىر ئازاب چەككەن. 1983 - يىلى گۇما ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىقىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ھەم «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق بىرقانچە درامىلاردا رول ئېلىشقا قاتنىشىپ ياخشى تەسىر پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە تىل ئوقۇتقۇچىسى ۋە مەكتەپتە چىقىدىغان «ئۈمىد غۇنچىلىرى» ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## مەتروزى سىيىت ھاجىم

مەتروزى سىيىت ھاجىم 1927 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ زاڭگۇي يېزا 7 - كەنتتە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 1934 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە دەسلەپكى ساۋاتىنى چىقارغاندىن سىرت پارسچە،

ئەرەبچە كىتابلاردىن 3 ـ 4 پارچە ئوقۇپ ئاز ـ تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. ئۇ 1938 ـ يىلى بىر يىللا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە زاڭگۇي رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە كاتىپ بولغان. 1952 ـ يىلدىن 1655 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گۇما كۆكتېرەك رايونىدا رايون باشلىقى بولغان. 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئورمانچىلىق خىزمىتىدە ئورمان پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئورمانچىلىق بۆلۈمىگە بۆلۈم باشلىقى، ئىدارىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

مەتروزى سىيىت ھاجىم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن ئائىلىسىدە نۆبىتى، ناۋايى، خوجا ھاپىزنىڭ ئەسەرلىرى ۋە جەڭنامە قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئەدەبىي جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن تەربىيىلەنگەن. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ «خوتەن گېزىتى»گە خەۋەر ۋە ئەدەبىي ئەسەر ئەۋەتىش بىلەن 1958 ـ يىلى كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ئاراقۇم كەنتىدە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تېما قىلغان «ئاراقۇم» ناملىق 16 بابلىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن. بۇ رومان 1965 ـ يىلى پۈتۈن ئاققا كۆچۈرۈپ نەشرگە يوللاش ئالدىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ باشقا كىتابلىرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

## شائىر سىدىق قاۋۇز

شائىر سىدىق قاۋۇز 1943 ـ يىلى گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1960 ـ يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ 1966 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1966 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن بېرى «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. 1988 ـ يىلى تەھرىرلىك ئۇنۋانى بېرىلگەن. 1987 ـ يىلى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنى پۈتتۈرگەن.

ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلۇپ، شۇنىڭدىن بېرى 400 پارچىغا يېقىن ھېكايە، شېئىر، داستانلىرى ئېلان قىلىنغان. 1986 ـ يىلى «قەترە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى (بىرلەشمە توپلام) نەشر قىلىنغان. 1982 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

## شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈن

تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسۈن 1942 ـ يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ باش ئىرىغىل كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان

ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1951 – يىلىدىن 1955 – يىلىغىچە ئىرىغىل باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1955 – يىلىغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1959 – يىلىدىن 1969 – يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1962 – يىلدىن 1964 – يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە مەدەنىيەت مائارىپ سەھىيە بۆلۈمىدە ۋە گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1984 – يىلى شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسىنىڭ تىل – ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن.

شائىر تۇرسۇنمۇھەممەن ھۆسۈن 1958 – يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۆسمۈرلەر شادلىقى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆزۈلمەي ئېلىپ بېرىلغان سولچىل ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە قەلەمنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان. پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قەلەمنى قايتا قولىغا ئېلىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى زوق – شوخ بىلەن كۈيلەپ «قايدىسەن»، «گۈزەل سانجۇ»، «ئۇلاچى»، «ئۇستاز»، «كۆلدۈم» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە «تويدىن قاچقان قىز»، «ياخشى قىپسەن ئوغلۇم» قاتارلىق ئون نەچچە ھېكايە، «گۇما ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە

ئەسلىمە»، «ئاياللار سۆزىنىڭ شېئىرىيلىكى توغرىسىدا»، «شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى رولى ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلارنى يېزىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇپ، جامائەتچىلەن يۇز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇ گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۇزۇن يىللاردىن بىرى جاپالىق ئىشلەپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش بىلەن بىرگە گۇما ناھىيىسىدىكى يازغۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش ۋە يېتەكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. 1987 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق گۇما ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم 47 نەپەر يازغۇچى، شائىر ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى قاتناشقان ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىنى ئاچقان ئۇلارنى يۇقىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۆزئارا ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. يەنە مەدەنىيەت راسخوتىدىن 1000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاپ، ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەرگەن. ئۇندىن كېيىنمۇ ھەر قېتىمقى نورۇز بايرىمى ۋە دۆلەت بايرىمى مەزگىللىرىدە يازغۇچى، شائىرلارنى تەشكىللەپ شېئىر دېكلاماتسىيە يىغىنلىرى ۋە ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھلىل قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ، گۇما ناھىيىسىدىكى ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە كېڭىيىشىگە قولاي شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇ يەنە

مىللىي ـ مەدەنىي مىراسلارنى توپلاش، رەتلەشكە
ئەھمىيەت بېرىپ ناھىيە بويىچە 87 نەپەر خەلق سەن-
ئەتچىسىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى تۇرغۇزۇپ چىققان
ۋە ئۇلارنىڭ ناخشا ئاھاڭلىرىدىن 203 ناخشىنى ئۇنئالغۇ-
لىنتىسىغا ئېلىش بىلەن بىرگە بۇ ناخشىلارنىڭ تولۇق
تېكىست ۋە مۇزىكىلىرى خاتىرىلەنگەن «گۇما خەلق ناخ-
شىلىرى توپلىمى» نى ئىشلەپ چىققان. ئۇ خەلق ئارىسىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق شائىر
مەتتوختىي «ئاخۇن داموللامنىڭ يوقىلىپ كېتىش ئالـ-
دىدا تۇرغان شېئىرلىرىنى توپلاپ رەتلەپ جامائەتچىلىك
بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، ئامىمىنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشكەن. يەنە ئۆزى بىۋاستە توپلاش ۋە كۆچ تەشكىل-
لەپ ئىشلەش ئارقىلىق 1500 كۇپلېتتىن ئارتۇق بېيىت-
قوشاق، 53 چۆچەك، ئىككى داستان، 13 پارچە لەتىپە قاتار-
لىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاپ بۇ
بىباھا گۆھەرلەرنى ساقلاپ قالغان. ئۇ يېقىندا گۇما
ناھىيىسىنىڭ «مەدەنىيەت تەزكىرىسى» نى يېزىپ
چىقتى. ئۇ ھازىر گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئاپتونوم
رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلـ-
مىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، مەملىكەتلىك يېزا ـ مائا-
رىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى
ئۆتەپ كەلمەكتە.

## يازغۇچى ئابدۇقادىر سادىر

يازغۇچى ئابدۇقادىر سادىر 1947 - يىلى قوشتاغ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 — 1964 - يىللىرىچە ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1967 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. 1984 - يىلى شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا باشلانغان بولۇپ، 1966 - يىلى «خوتەن گېزىتى» ئېلان قىلغان تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 40 پارچىغا يېقىن پوۋېست - ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئانا تۇپراق قەسىدىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى (بىرلەشمە)، «نەدەسەن بالىلىق يىللار» پوۋېستى، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىن «ساقال ھەققىدە پاراڭ» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى (بىرلەشمە) نەشر قىلىنغان. چوڭ ھەجىملىك كلاسسىك داستان «قەھرىمان قاتىل»نى تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇندىن باشقا 17 پارچە ھەر خىل ئىلمىي ئەسىرى ئېلان قىلىنغان.

ھازىر «ئاخىرقى تۇتقۇن» ناملىق پوۋېستلار توپ-

ئىلمىي بىلەن «ھىجرانلىق يىللار» ناملىق رومانىنى نەشرگە سۇندى. «ھايات سەھنىسىدە» (1981-يىلى)، «يېڭى ھايات» (1982-يىلى)، «ئىشق يالپۇز چېچەكلىرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «تەلەي سىناش»، «خىجىللىق» ناملىق كومېدىيە، دراممىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلانغان. ئۇ يەنىلا ھارماي تالماي يېڭى-يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدەنمەكتە.

## مۇھەممەت چاۋار

شائىر مۇھەممەت چاۋار 1949-يىلى گۇما بازىرىدا تۇغۇلغان. 1967-يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ مال دوختۇرلۇق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

شائىر مۇھەممەت چاۋارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە باشلانغان. 1973-يىلى «نۇرما قوشىقى» دېگەن شېئىرى «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «كۈمۈش قوڭغۇراق» دېگەن توپلامغا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبى-

ياتى تەتقىقاتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ كلاسسىك شائىر ئىسمائىل ھاجىنىڭ نەچچە يىللاپ كۆمۈلۈپ قالغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا ئېلان قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

## شائىر ھەم چۆچەكچى مەخسۇت ھېيت

مەخسۇت ھېيىت 1934 - يىلى سانجى يېزىسىنىڭ قاچىل دېگەن يېرىدە ئوقۇمۇشلۇق دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپكى ساۋاتىنى دادىسى ھېيت ئاخۇنۇم ئاچقان مەدرىسىدە چىقارغاندىن كېيىن، ئاكىسى مەتتوختى ئاخۇن داموللام بىللە كۇما چوڭ جەمەسسكە كېلىپ، ئىسمايىل قارىھاجىمدىن قۇرئان يادلاشنى ۋە قىرائەت قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن يۇرتى سانجۇغا قايتىپ دېھقانچىلىق قىلغان. بۇ جەرياندا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ، ناۋايى، شاھ مەشرەپ، سوپى ئاللايار قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىپ، شېئىر يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەن. كېيىنچە «جەڭنامە»، «ئەلفەلەيلى» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ، بۇ كىتابلاردىكى ھېكايە، چۆچەكلەرنى يادلىۋېلىپ كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان بولغان. 1956 - يىلدىن كېيىن تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ كېسەل داۋالاشقا كىرىشكەن. ھازىر ئۇ سانجۇ يېزىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مىللىي تېۋىپ بولۇپ يە-

خىلا ۋاقىت چىقىرىپ شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى مەتبۇئاتقا بەرمىگەن بولسىمۇ، دەپتەرچە قىلىپ ساقلاپ قويغان. 1981 - يىلى ۋە 1984 - يىلى ئۇ ئون نەچچە چۆچەكنى رەتلەپ بېرىپ گۇما ناھىيىسىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

## ئىدرىس مەتسىيىت

ئىدرىس مەتسىيىت (قەدىناس) 1949 - يىلى ناھىيەمىزنىڭ زاڭگوي يېزا كۆلئېرىق مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1964 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن 1982 - يىلغىچە زاڭگوي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1984 - يىلى 7 - ئايدا ۋىلايەتلىك مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1986 - يىلغىچە ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە ئىشلىگەن. ھازىر زاڭگوي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلانغان بولۇپ، «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «نامىڭدىن ئۆچمەيدۇ»، «نۇربىخان» ناملىق شېئىرى بىلەن رەسمىي ئىجادىيەت

بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان. شۇنىدىن بۇيان هازىرغىچە 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادا، هېكايە قاتارلىق ئەسەرلىرى هەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. شائىر يېقىندا «باغۇەن مۇهەببىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى. يەنە «كۆڭۈل گۈلخانلىرى» ناملىق توپلامنى ئىشلىمەكتە.

## ياش ھەۋەسكار مۇھەممەت كامال

مۇھەممەت كامال 1958 - يىلى 5 - ئايدا گۇما ناھىيە بازار ئىچىدە موللا، تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1981 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1983 - يىلغىچە قاراقاش دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1983 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 - يىلى 9 - ئايدىن 1988 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان، 1989 - يىلدىن باشلاپ گۇما ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى ئەرزىيەت ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ.

مۇھەممەت كامال دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، هازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە نەشر قىلىنىدىغان هەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا «هايات ئۈنچىلىرى»، «غەزەللەر»، «تەدبىر»، «ئىنسان ئۇلۇق دىيانەت قەدىرلىك» قاتارلىق 150

پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئېلان قىلىندى، 1989 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيا-تى نەشر قىلغان «ئارزۇ بوستانى» ناملىق تەخمىسلەر توپلىمىغا بىر يۈرۈش تەخمىسلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئۇ ھازىر بىر شېئىرلار توپلىمى بىلەن بىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاۋاتىدۇ.

**ئابلىكىم تالىپ**

ئابلىكىم تالىپ 1964 - يىلى 6 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ گۇما بازار ئىچىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1971 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1982 - يىلى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىگە خىزمەتكە چىقىپ موكويىلا يېزىلىق باج پونكىتىدە ئىشلىگەن. 1985- يىلدىن 1990-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدا تەھرىر-مۇخبىرلىق قىلغان. ئۇ ھازىر ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئابلىكىم تالىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ھەۋەس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «يۇرتۇمغا» 1985 - يىلى 3 - ئايدا «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى.

**تاجىك شائىر ئىمىن ئەمرۇللا**

تەلەپچان باغۋەن، ئۈمىدلىك ياش ھەۋەسكار

ئىمىن ئەمرۇللا (تاجىك) 1964 – يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ ناۋ ئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ كەڭەز كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ، تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلارنى قوشتاغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە تاماملىغان. 1984 – يىلى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گۇما ناھىيىلىك 1 – ئوتتورا مەكتەپتە خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇدا ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولغاندىن سىرت، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ ئانا تىلى ۋە پارس تىلىنى پۇختا بىلگەندىن سىرت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەنزۇ تىلىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىۋالغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئالىي مەكتەپكە قەدەم قويغان چېغىدىلا باشلانغان بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «يېڭى قاشتېشى»، «تەكلىماكان» قاتارلىق گېزىت – ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان.

مەرھۇم 1987 – يىلى 7 – ئاينىڭ 24 – كۈنى دەھشەتلىك كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ ئۆز يۇرتىدا قازا تاپقان.

## ئابدۇكېرىم قۇربان

ئابدۇكېرىم قۇربان 1942 – يىلى زاڭگۇي يېزىسىنىڭ چاقار مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1954 – يىلدىن

1957 - يىلغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1957 - يىلى 9 - ئايدىن 1960 - يىلى 7- ئايغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. ئۇ 1959 - يىلى شىنجاڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئىشچان قىز» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ، «ئۇ ئۇزاپ كەتتى» قاتارلىق بەش پارچە ھېكايە، «پارتىيەم» قاتارلىق 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «ئەجدادلار ئىزىدىن» قاتارلىق ئالتە پارچە داستان قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمى «خوتەن گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. يولداش ئابدۇكېرىم قۇربان 1959- يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە يەنە ھەر قايسى ئىدارە - ئورگان ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ 860 پارچە خەۋەر ماقالىسى، 204 پارچە زىيارەت خاتىرىسى يېزىپ، ياخشى پائالىيەتلەرنى جامائەتچىلىككە ۋاقتىدا تونۇشتۇرۇپ ئىختىيارىي مۇخبىرلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن «شىنجاڭ گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى» ۋە گۇما ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى تەرىپىدىن 19 قېتىم مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ تەقدىرلەنگەن ۋە مۇكاپاتلانغان.

## ئابدۇلئەھەت داۋۇت

ئابدۇلئەھەت داۋۇت 1973 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ

كۆكتېرەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1989 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەننى پۈتتۈرۈپ، ئۆز يېزىسىغا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنغان.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى.

## مۇھەممەت ئېلى

مۇھەممەت ئېلى 1967 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىسلا كەنتىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى ئىلى چارۋىچىلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، گۇما ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ، بىر تەرەپتىن خىزمەتلەرنى بېرىلىپ ئىشلىسە يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا جاپاغا چىداپ ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە ئەسىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. «گۇمىدا ياشماق بولساڭ» دېگەن شېئىرى كەڭ جاماھەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## ئەركىن مۇساق

ئەركىن مۇساق 1957 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ

قوشتاغ يېزا شاپىچاقار كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1973 - يىلى قوشتاغ ئوتتۇرا مەكتەپىنى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىققا قاتناشقان. 1987 - يىلى خوتەن مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان، هازىر قوشتاغ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

يولداش ئەركىن مۇساق كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇپ چىققان. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ قىزغىنلىقى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ هازىرغىچە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ياچېيكا تۇرمۇشى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «خوتەن گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، 20 پارچىدىن ئارتۇق چۆچەكنى «مىراس» ژۇرنىلى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلدۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن فوتو سۈرەت، ھۆسنخەت، مۇزىكا ساھەسىدىمۇ خېلى ياخشى نەتىجە قازانغان. 1982 - يىلدىن 1984-يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە يېزىدا سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، سەنئەت ئۆمىكىدە ئۆزى رول ئېلىپ، ئۆزى ساز چېلىپ ۋىلايەت ۋە ناھىيىدە ئېچىلغان سەنئەت كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن

ھەم لۇرغۇن ناخشا تېكىستلىرىنى يېزىپ سەلكىيەت ئىشلىرىغا كۆپ كۈچ قوشقان.

### ئايسۇدە باقى

ئايسۇدە باقى 1954 - يىلى ناھىيىمىزنىڭ زاڭگۈي يېزا بازىرىدا دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، باللىق مەزگىلىدە مومىسى ۋە ئاتا - ئانىسىدىن دائىم چۆچەك، لەتىپە، قىسسە قاتارلىقلارنى ئاڭلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىپ قالغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زېرىكمەستىن ئوقۇپ چىققان. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىغا يېقىن شېئىرىي ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ناخشا ئوقۇشقىمۇ ئىشتىياق باغلاپ، داڭلىق خەلق ناخشىچىلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇ، بىرقانچە قېتىم ناھىيە، ۋىلايەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە ناخشا ئېيتىپ مۇكاپاتلانغان.

### ئايجامال ئوسمان

ئايجامال ئوسمان 1958 - يىلى گۇما بازىرىدا تۇغۇلغان. 1974 - يىلى گۇما ناھىيىلىك مىسفەننى پۈتتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە قاتناشقان.

چىشقا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلىگەن. ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى، «خوتەن گېزىتى»دە 15 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان.

**نۇسرەت مەتنىياز**

نۇسرەت مەتنىياز 1955 - يىلى 8 - ئايدا گۇما بازىرىدا كادىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1969 - يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. 1976 - يىلغىچە چېنىققان. 1976 - يىلى 2 - ئايدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشقان. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، 1987 - يىلى ئوتتۇرا تېخنىكومنى، 1990 - يىلى رادىئو سىفەن داشۆنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، 1966 - يىلى «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ۋەتىنىمىزنىڭ قىزىل رەڭگىنىڭ ئۆزگەرگىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز» ماۋزۇلۇق ئەدەبىي ئاخباراتى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. شۇندىن بۇيان «مەرھابا نورۇز»، «ئاياللار ئاۋازى»، «سالام سىزگە ئۇستازىم» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە شېئىرنى يېزىپ چىقىپ ھەم ئاھاڭغا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئومۇملاشتۇرغان. ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان «4 - ماي» ياشلار بايرىمى، «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى ھەم نورۇز بايرىملىرىدا شەكلى

ھەر خىل، مە مۇنى چوڭقۇر، كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان شېئىرلارنى دېكلىماتسىيە قىلىپ، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى كۈيلىمەكتە. ئۇ ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىپ، شېئىرىيەت گۈلزارىدا پەرۋاز قىلماقتا.

## ئابلىز توختى

ياش ھەۋەسكار ئابلىز توختى 1966 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاگۇمانا ھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا تاماملاپ، 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا شېئىر، ھېكايە ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قىزىقىشى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ھەۋەسنى قوزغىدى. ئۇ، 1983 ـ يىلدىن باشلاپ مىكرو ھېكايە يېزىشقا باشلىدى. ھازىرغىچە «خوتەن گېزىتى»، «شىنجاڭ يېزا پۇل ئامانىتى ژۇرنىلى» قاتارلىقلاردا 15 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. «دوزاخنىڭ ئوتى» دېگەن ھېكايىسى 1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى.

ئۇ يەنىلا ئىجادىيەت بېغىدا كېزىپ يۈرۈپ، كۈچلۈك مىللىي ئۇسلۇب، دەۋر روھىغا باي بولغان مىكرو ھېكايىلارنى ئىجاد قىلماقتا.

## ئابلىمىت مۇساق

يولداش ئابلىمىت مۇساق 1953 - يىلى 10 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1973 - يىلى 7 - ئايدا ئۆز يېزىسىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، 1980 - يىلغىچە كىيىم تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ يىلى خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، يېزىلىق پارتكومدا تەشۋىقات خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن.

1985 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ پەلسەپە كەسپىدە ئوقۇغان. 1989 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىدە قانۇن ئۆگەنگەن.

ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى يېزىدا تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزگىلدىلا باشلانغان بولۇپ، شۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا بىرقانچە پارچە شېئىرىي تېپىشماق، يۇمۇر، ئەدەبىي ئاخبارات، روبائىي، ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1984 - يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» تەرىپىدىن توت پارچە شېئىرىي تېپىشمىقى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ تەقدىرلەنگەن.

ئۇ ھازىر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قوشتاغ يېزىلىق خەلق سوتىدا ئىشلەيدۇ.

## غالىپجان تۇرسۇن

غالىپجان تۇرسۇن 1968 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25- كۈنى گۇما بازىرى ئىچىدە تەرەققىپەرۋەر مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1987 - يىلى 7-ئايدا گۇما ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شۇ يىلى 9 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ 91- يىلى 6 - ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 91 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. ھازىر ناھىيىلىك تېلېۋىزور ئارقىلىق ئوقۇتۇش داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

يولداش غالىپجان تۇرسۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، 1986 - يىلى «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلىغى» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن بېرى بىر قانچە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. 1989 - يىلدىن ئېتىبارەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە 5000 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قوشاق، 40 پارچىدىن ئارتۇق چۆچەك توپلاپ، سىلىشتۇرۇپ رەتلەش ئارقىلىق

«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»دىن بىر توپلام تۈزۈپ، 1991-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا سۇنغان. يولداش غالىپجان تۇرسۇن ھازىر «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

### ئەخمەتجان تۇرۇپ

يولداش ئەخمەتجان تۇرۇپ 1973-يىلى زاڭگۇي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990-يىلى خوتەن سىفەن جۇەنكې مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، زاڭگۇيى ئوتتۇرا مەكتىپىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، يېڭى - يېڭى تېمىدىكى شېئىرلارنى ئىجاد قىلماقتا.

## ۋ. باب خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ۋە خەلق سەنئەتچىلىرى

گۈمانا ھىيىسىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل ۋە تىنيا تىر سەنئەتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ ساھەدە ئېرىشكەن شانلىق نەتىجە ۋە مۆجىزىلەرنى يەكۈنلىگىنىمىزدە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، تۈرى ئەڭ كۆپ، مەزمۇنى ئەڭ مول بولغان شۇنداقلا سەنئەتنىڭ ھەر-قايسى تۈرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىنى ئېتىبارلىق بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى كەڭ ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىپ ئەسىرلەر داۋامىدا خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، ئەمگەك ۋە كۈرەشلىرىنى، قايغۇ - ھەسرەت، شاد - خوراملىقىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئىشقى مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرىنى، ئەقىل-ئىدرەك، پەم - پاراستىنى ۋە ئېكسپىلاتاتۇرلارغا بولغان غەزەپ-نەپرەتنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ خەلققە پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئەتتى. خەلق ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائى ۋە ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە ئوخشاش خەلقنى تەربىيلەش، بىلىم بېرىش ۋە

مۇزۇرلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە رول ئويناپ، ئاۋاز ۋە تىل ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا مول ھېسسىيات ۋە جانلىق تۇيغۇلارنى پەيدا قىلالايدۇ. ئەنئەنىۋى كلاسسىك مۇزىكىلار ۋە خەلق ناخشا مۇزىكىلىرى خەلقنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغان بىباھا ئەڭگۈشتەردۇر.

گۇما ناھىيىسىنىڭ خەلق ئەنئەنىۋى سەنئىتى ئۆتمۈشتىلا ئەمەس، بۈگۈنكى دەۋردىمۇ خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، يېڭى زامان سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە جەۋلان قىلىپ تۇرماقتا، خەلق ئەنئەنىۋى سەنئىتى يېڭى زامان سەنئىتىنىڭ ئانىسى، خەلق سەنئەتچىلىرى يېڭى زامان سەنئىتىنىڭ ھۇلىنى قۇرغۇچىلاردۇر. لېكىن ئازادلىقتىن بۇرۇن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئورنى ۋە قەدىر-قىممىتى يوق ئىدى. ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر خەلق سەنئەتچىلىرىنى «نەغمىنىڭ بېشى چاكا، نەغمىچىنىڭ ئورنى پەگا»، «خارەت قېرىسا تاماقچى بولۇر، نەغمىچى قېرىسا تىلەمچى بولۇر»، «كىمنىڭ يوق ئېۋىنى، نەغمىچى داستىخان چىۋىنى» دەپ ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى پەس كۆرگەن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خەلق سەنئەتچىلىرى قەد كۆتۈرۈپ تېگىشلىك غەمخورلۇق ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشتى. ھازىر گۇما ناھىيىسىدىكى خەلق سەنئەتچىلىرى

ئۆزلىرىنىڭ تالانتى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە جاسارەت بىلەن، يېڭى زامان ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يېڭى مەزمۇنلارنى قوشماقتا.

گۇما ناھىيىسىدىكى خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر بولۇپ، ئۇلار كۆپ يىللاردىن بۇيان يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى، ئۆتكۈر زېھنى ۋە ئاجايىپ تالانتى بىلەن تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىجادىيەتلەرنى يارىتىپ مول مەنىۋى ئوزۇقنى بىزلەرگە مىراس قالدۇردى. گۇما بىر - بىرىگە تۇتاشمايدىغان 54 پارچە بوستانلىقتىن تەركىب تاپقان. ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشىغان كىشىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن ئاھاڭ ۋە خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنى خەلق سەنئەتچىلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن. قەدىمدىن تارتىپ گۇمىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز قاتارلىق ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشا - مۇزىكىلىرى بار. خەلق ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئەلنەغمىلەرنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. كىلياڭ ئەلنەغمىلىرى: كىلياڭ ئەلنەغمە ئاھاڭلىرى ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ بىر چوڭ تارمىقى بولغان دولان ئاھاڭ شىۋىسىگە مەنسۇپ. ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرى، داپ چېكىش ئۇسلۇبى ۋە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى

دولاتلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. لېكىن ئاھاڭ پۇرىقىدىن قارىغاندا بىر قىسىم ئاھاڭلار دولان ئاھاڭلىرىنىڭ ئۆزى بولسىمۇ يەنە خېلى بىر قىسىم ئاھاڭلار دەل دولان ئاھاڭلىرىنىڭ ئۆزى بولماستىن بەلكى دولان ئاھاڭلىرىغا كلىياڭ خەلق ئاھاڭلىرى ۋە قىسمەن ۋاخان ئاھاڭلىرىنى سىڭدۈرۈپ قايتا ئىشلەش ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىككە ۋە خاسلىققا ئىگە بىر يۈرۈش مۇكەممەل خەلق ئاھاڭى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئاھاڭلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مۇزىكا رىتىمى كۈچلۈك، يېقىملىق بولۇپ كىشىگە بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدۇ. كلىياڭ ئەلنەغمە ئاھاڭلىرى كلىياڭ، ياشلەنگەر، قوشتاغ ۋە نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇ جايلاردىكى خەلق مەشرەپلىرى كلىياڭ ئەلنەغمىلىرى ئارقىلىق ئالاھىدە جانلىنىپ كېتىدۇ.

**2. گۇما سەنىمى ئاساسىدىكى ئەلنەغمىلەر:** بۇ ئەلنەغمە 12 مۇقامنىڭ ھەر قايسى مۇقاملىرىدىكى داستان، سەنەم، مەشرەپ ئاھاڭلىرىدىن ئۈزۈۋېلىنىپ كىرىشتۈرۈلگەن ئاھاڭلارغا يەرلىك خەلق ئاھاڭلىرىنى قوشۇپ پىششىقلاش ئارقىلىق تۈزۈلگەن. تارىخى ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، ئاساسلىقى قاراتاغ، كۆكتېرەك، نىشاندا، قوشتاغ، موكۇيلا، موجى، چودا قاتارلىق جايلاردا خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان.

**3. سانجۇ مەشرىپى ئاساسىدىكى ئەلنەغمىلەر:** بۇ ئەلنەغمە گۇما سەنىمى تەركىبىدىكى ئاھاڭلارغا تاغ ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان

(سانجۇ مەشرىپى ئاساسىدىكى ئەلنەغمىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىككى تارلىق يەرلىك مالچى راۋىپى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ). ئومۇمەن بۇ ئەلنەغمە كۆچلۈك يەرلىك پۇراققا ئىگە، سانجۇ مەشرىپىمۇ ھازىرغىچە ئۆز گىچە ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە. سانجۇ ئەلنەغمىسىدىكى ئاھاڭلارنىڭ بىر قىسمى كىرىيە خەلق ئاھاڭلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئەلنەغمىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى، سانجۇ، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى، زاڭگۇي يېزىلىرى.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈردىكى ئەلنەغمىلەر قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان دۇتار، ساتار، تەمبۇر، راۋاب، غىجەك، نەي، داپ، ناغرا، سۇناي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تەڭكەش قىلىشى ئارقىلىق ئورۇندىلىپ كەلمەكتە. يەنەگۇما ناھىيىسىدە ياشاۋاتقان تاجىك خەلقى ۋاخان تاجىكلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن سەنئەت خۇمار، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر. تاجىك خەلقىنىڭ ئەلنەغمە ئاھاڭلىرى يېقىملىق ۋە كۆپ خىل، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى كۆركەم. تاجىك ئەلنەغمىلىرى نەي ۋە داپنىڭ تەڭكەش قىلىنىشىدا ئورۇنلىنىدۇ. قىرغىز خەلقىنىڭ ئاھاڭلىرىمۇ كۆپ خىل، يېقىملىق بولۇپ، قىرغىز خەلق ئەلنەغمىلىرى قومۇز ۋە قوپاز قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. گۇما ناھىيىسىدىكى قىرغىز خەلقىنىڭ تىلى ۋە ئەلنەغمە ئاھاڭلىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى قىرغىزلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

گۇما ناھىيىسىدە ئازادلىق ھارپىسىغىچە بىر قەدەر داڭلىق سازەندە، ئۇسسۇلچى ۋە قوشاقچى، قىزىقچىلاردىن 311

كىشى ياشىغان. 1982 ـ يىلىقى خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ تەھدىنى تېپىشتا ئېنىقلانغىنى 87 كىشى. خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا ئاكۇمانا ھەممىسىدە ئۆتـكەن مەشھۇر مۇقامچىلار، قوشاقچىلار، ئەلنەغمىچىلەر، قىزىقـچىلار ۋە ئۇسسۇلچىلار بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتىدۇ. ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ئەقىدىمىزنى ئىپادىـلەش يۈزىسىدىن ئۇلار ئىچىدىكى مەشھۇر بىر قىسىم كىـشىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق.

## ئەيسا نەغمىچى

ئەيسا نەغمىچى 1884 ـ يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ نىشتىلە مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 13 يېشىدىن باشلاپ شۇ يەردىكى پېشقەدەم نەغمىچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ساتار چېلىش، نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. 19 يېشىدا كاـمىل نەغمىچى بولۇپ يېتىشىپ، ئۆز ئالدىغا رەسمىي سوـرۇن قىزىتالايدىغان بولغان. ئۇ توي ـ مەرىكە، مەشرەپ ۋە قوناق سويغان سورۇنلاردا كىشىلەرگە نەغمە قىلىپ بېرىپ بارا ـ بارا داڭ چىقارغان. ئۇ ساتارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ياڭـراق، يېقىملىق ئاۋازى ساتاردىن ياڭرىغان ساداغا بەكمۇ ماس كەلگەچكە كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. تۆپ پەنجىگاھ، ئۆزھال، ناۋا مۇقاملىرىنى ۋە سانجۇ مەشرىپى سىستېمىسىدىكى ئاھاڭلارنى ياخشى ئېيتاتتى. شۇـڭا ئەيسا نەغمىچى خەلق ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە ساـزاۋەر كىشى ئىدى. ئۇ 1957 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## روزەم

خەلق سازەندىسى روزەم 1879 - يىلى كۆكتېرەك يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 11 يېشىدا دادىسى ئىسلام ئاخۇنغا ئەگىشىپ مەشرەپ سورۇنلىرىغا كىرىپ كەلگەن. كېيىنچە مۇكەممەل سازەندە بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئاساسەن ساتار، داپ ۋە دۇتار ئارقىلىق راك، پەنجىگاھ، مۇشاۋىرەك، ناۋا مۇقاملىرىنىڭ داستان، مەرغۇللىرىنى كامىل چالالايتتى. يەنە كۇما ناھىيىسىدە تارقالغان خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ، ناھىيە بويىچە تونۇلغان خەلق سازەندىسىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىشتىن سىرت ئۆزى قوشاق توقۇپ ئاھاڭ سېلىپ ئوقۇش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولغان. 1941 - يىلى «يوغان قورساق شۆگەن بېگىم، تاپانچىنى قىسىپكەلسۇن دېگەن قوشاقنى توقۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قارتاغىزىنىڭ باش ئۆجىمىلىك دېگەن يېرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ياشىغان. ھازىر ئۇنىڭ نۇرغۇن ناخشا ئاھاڭلىرى لىنتىغا ئېلىنىپ ساقلانماقتا. ئۇ 1976 - يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## ئىدرىسباقى ئاخۇن

سازەندە ئىدرىسباقى ئاخۇن 1910 - يىلى موكۇيلا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 20 يېشىدىن باشلاپ داپ، دۇتار بىلەن نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ موكۇيلا ۋە كۇمىنىڭ

ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇش، مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ، كۆپلىگەن ئاسسىدىكى ئاھاڭلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى دەۋرىمىزگىچە ساقلاپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن ۋە گۇمىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ كۆرىكىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ ئورۇنلىغان خېلى كۆپ ناخشىلار 1980 - يىلى لېنتىگە ئېلىنغان، ھازىر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا. ئۇ 1985 - يىلى 75 يېشىدا ۋاپات بولغان.

بارات ھەمدۇللا

ئەلنەغمىچى بارات ھەمدۇللا 1938 - يىلى كىلىياڭ يېزىسىنىڭ تۆۋەن چاقا كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاكا ماھىر سازەندە بولۇپ، ئۇ 12 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ دادىسىدىن مۇقام ۋە ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئاخىرى ئۇ تەمبۇر، دۇتار، راۋاب، داپ، نەي، ئىسكىرىپكا قاتارلىق كۆپخىل سازلارنىڭ ھەممىسىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ چېلىش سەۋىيىسىگە يەتكەن. ھازىر ئۇ كىلىياڭ شىۋىسىدىكى ئاھاڭلارغا ۋارىسلىق قىلغۇچى بىردىنبىر ماھىر سازەندە بولۇپ تونۇلماقتا. ئۇ 1980 - يىلدىن بۇيان ناھىيە ۋە ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەرگە بىرقانچە قېتىم قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان. ھازىر ئۇ ئۆز يېزىسىدا كىلىياڭ ئاھاڭلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بەش نەپەر شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئورۇنلىغان ئاھاڭلار 1980 - يىلى لېنتىگە ئېلىنغان.

## ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر

ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر (كېيىنكى ئىسمى ياقۇپ
ئاخۇن تەمبۇر) 1895 – يىلى گۇمانا ھېيىسىنىڭ قوشتاغ
يېزا ئىسمىسلا كەنتى قىشلاق ئالدى مەھەللىسىدە ئۇستا
سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى ساۋاتىنى
دىنىي مەكتەپتە چىقارغان. كېيىنچە ئۇ، دادىسىنىڭ
كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ ئويۇن، مەشرەپلەرگە بىرگە
بارغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەمبۇر چېلىشقا ھەۋىسى
قوزغىلىپ 13 ياشقا كىرگۈچە «ئەجەم»، 12 مۇقامنىڭ
بىر يۈرۈش ناخشىلىرىنى پەدىگە كەلتۈرۈپ چېلىشنى
ئۆگىنىۋالغان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ
ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەمبۇر چېلىشنى
داۋاملاشتۇرغان.

بۇ كەنت قەدىمكى زاماندىن تارتىپ يىپەك يولى
دىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ بولۇپ 1937 – يىلغىچە ھىندىس
تان قاتارلىق ئەللەردىن كىرىدىغان ئىمپورت ماللىرى
نىڭ بىر قىسمى تاشقورغان بىلەن سانجۇ، قوشتاغ يېزىلىرى
ۋە ئىسمىسلا ئارقىلىق باشلەنگەردىن ئۆتۈپ، زوگلاڭ،
قاغىلىق، پوسكام ئارقىلىق يەكەنگە كەلتۈرۈلۈپ خارجى
باجلار ئېلىناتتى. ئەينى زاماندا ئىسمىسلانىڭ كونا بازار
مەھەللىسىدىكى ئاتاقلىق شائىر ھەم خەتتات ئىسمائىل
ھاجىمنىڭ ھۇجرىسىدا كۈندە دېگۈدەك يولۇچىلار
ئۈچۈن قويۇپ بېرىلىدىغان ئويۇن، مەشرەپ
لەر داۋام قىلىپ تۇراتتى. بۇ مەشرەپ ئويۇنلار

ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر كەلىمەي تۇرۇپ ھەرگىز قىزىمايتتى.

نەغمىچى ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر يېڭى بىر زامانىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. «كۆرۈنگەن تاغ يىراق قالماپتۇ» دېگەندەك كۈتكەن ئۈمىد ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ خەلق زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ «بەختىم بارمېنىڭ»، «ياشا پارتىيەم» قاتارلىق دەۋر روھىغا باي بولغان بىر يۈرۈش ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىپ ۋەتەننى، كومپارتىيىنى قىزغىن كۈيلىدى. 1955- يىلى ۋىلايەتتە ئېچىلغان ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشنى تەبرىكلەش كەمبەغەل دېھقان ۋەكىللىرى ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى. بىر مەھەل قوشتاغ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىدى. 1957- يىلى يەتتىيازدا ۋىلايەتتە ئېچىلغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە «قارا قۇش ئۇسسۇلى»، «قادىر مەۋلان» قاتارلىق ھەر خىل مۇزىكىلارنى نەتىجىلىك ئورۇنلاپ كۆپچىلىك بىلەن بىرگە كۆما ناھىيىسىگە شەرەپ كەلتۈردى. نەغمىچى ئەخلەت ئاخۇن تەمبۇر بىرقانچە يىللىق ئۆمرىنى تاغلىق كەنت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى، يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق مۇزىكىلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇ، 1973 - يىلى يانۋاردا سەپەر ئۈستىدە ۋاپات بولغان.

## ئاكا ـ ئۇكا ھەسەن ـ ھۈسۈن داپچىلار

ئاكا ـ ئۇكا ھەسەن ـ ھۈسۈن داپچىلار 1878 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدىكى كەنتى جاي مەھەللىسىدە مۇقامچى يۈسۈپئاخۇننىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپلا داپ چېلىشنى مەشق قىلىپ ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگەنلىكتىن يۇرت ئىچىدە «ھەسەن ـ ھۈسۈن داپچىلار» دەپ نام ئالغان. ھەسەن داپ چېلىشنى دەسلەپتە دادىسىدىن ئۆگەنگەن. كېيىن قاغىلىقتا بىر نەپەر مەشھۇر مۇقامچى تۇردى ئاخۇندىن بەش يىل داپ چېلىش، ناخشا ئوقۇشنى ئۆگەنگەن. 1939 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانايى نەفىس «سەنئەت ئۆمىكى»گە تۇنجى بولۇپ قاتناشقان. تاكى دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ بىرقانچە يىلغىچە ناھىيىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن بىرقانچە قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىدە ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلغان. ئۇ 12 مۇقامنىڭ يەتتە مۇقامىنى تولۇق ئىگىلىۋالغان. ئۇ 1961 ـ يىلى گۇمىدا ۋاپات بولغان.

ھۈسۈن داپچى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل ئويۇن مەشرەپلەردە داپ چېلىپ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغان. ھەم يېزىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان سەنئەت ئۆمىكىدە بىرمەزگىل ئىشلەپ يېزا خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى جانلاندۇرۇشقا ھەسسە قوشقان. ئۇ 1955 ـ يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆز يۇرتىدا قازا تاپقان.

## هاپىزاخۇن تەمبۇر

سازەندە هاپىزاخۇن تەمبۇر 1923 - يىلى قارتاغىزنىڭ مەسچىت ئالدى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دادىسى نىياز ئاخۇندىن تەمبۇر، راۋاب، داپ چېلىشنى، نەغمە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان، كېيىنچە ئاتاقلىق سازەندە روزەم بىللەن بىللە قارتاغىز ۋە گۇمىنىڭ ھەر- قايسى جايلىرىدىكى چوڭ - چوڭ توي - تۆكۈن، مەرىكە- لەرگە قاتنىشىپ نەغمە قىلىپ جامائەتچىلىككە تونۇلغان. 1980 - يىلدىن باشلاپ خوتەن ھەم گۇمىدا ئۆتكۈزۈل- گەن بىرقانچە قېتىملىق خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. 1981- يىلى ئۇنىڭ ئون نەچچە ناخشىسى لېنتىگە ئېلىنغان.

## روزى ئاخۇن راۋاب

نەغمىچى روزى ئاخۇن راۋاب 1913 - يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ ئاق تىكەن جاي كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى نىياز ئاخۇن كامالەتكە يەتكەن نەغمىچى بولۇپ، ئۇ 15 يېشىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ ئولتۇرۇش، مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ دادىسىدىن راۋاب، تەمبۇر بىلەن نەغمە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ سانجۇ سىستېمىسىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇنىڭ «ئاچىل»، «ئوقۇشقا مەيلىم بار»، «ئۇيىنا يىلى» قاتارلىق ئون نەچچە ئاھاڭ، ناخشىلىرى 1981 - يىلى لېنتىگە ئېلىنغان. ئۇ 1985 - يىلى 72 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## داپچى ئوسمان زىۋا

نەغمىچى ئوسمان زىۋا 1929 - يىلى قوشتاغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ داپ چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ كۆپ قېتىم ۋىلايەت ۋە ناھىيە، يېزىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە داپ چېلىش ماھارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ داڭلىق داپچىلاردىن بولۇپ قالغان. تاكى 1957 - يىللارغىچە بىر مەزگىل ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن.

## تەمبۇرچى نۇر ئەخلەت

نۇر ئەخلەت 1930 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىسلا كەنتىنىڭ قىشلاق ئالدى مەھەللىسىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا تەمبۇر چېلىشقا ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، پېشقەدەم تەمبۇرچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ماھىرلىق بىلەن ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئازغىنە مۇددەت ئىچىدە ماھىر تەمبۇرچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، سوتسىيالىزمنى كۈيلەيدىغان بىر يۈرۈش ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆز يېزىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. گەرچە ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا تەمبۇرنى ئىشتىياق بىلەن چېلىپ قەلبلەرنى لەرزىگە سالماقتا.

## ئابدۇشۈكۈر تۇردىيا

ئابدۇشۈكۈر تۇردىيا 1923 - يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ مۇغاللا كەنتىدە سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 12 ياشقا كەلگەندە ئاتىسى تۇردىيا ئاكىدىن دۇتار چېلىش، ناخشا ئېيتىش، نەغمە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان. 1934 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە دىنىي ھەم پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا مەكتەپ ئويۇشتۇرغان سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايەن قىلىشقا باشلىغان. 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ مەكتەپ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشقان. 1950 - يىلىدىن كېيىن سەيپۇڭچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئىسكىرۇپ، دۇتار، داپ قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرى 1989 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن لېنتىغا ئېلىنغان.

## مۇزىكانت مۇھەممەت شاكىر

مۇھەممەت شاكىر 1955 - يىلى گۇما بازىرىدا كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ مۇزىكا ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاپ دەسلەپتە راۋاپ چېلىشنى ئۆگىنىپ، توي - مەرىكىلەردە بەدىي روزى، ماخمۇت ئېلىھاجى، مىجىت تۇردى قاتارلىقلارغا قوشۇلۇپ نەغمە قىلىپ ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن. 1970 - يىلىدىن كېيىن سازەندە مىجىت تۇردىنى ئۇستاز تۇتۇپ

دۇتار چېلىشنى ئۆگەنگەن ۋە نۇرغۇن خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلىغان. 1975 - يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ تەمبۇر چالغان ۋە دۇتار، تەمبۇر، راۋاب قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سوپەتلىك ياساپ، جەمئىيەت-نىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. ئۇ گۇما خەلق ئاھاڭلىرىنى ۋە 12 مۇقام ئاھاڭلىرىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان. بىردىنبىر تەمبۇرچى. مۇھەممەت شاكىر شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مۇزىكانت ماخمۇت ئېلىھاجى

مۇزىكانت ماخمۇت ئېلىھاجى 1948 - يىلى گۇما بازار ئىچىدە يۇقىرى قاتلام خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇل-غان. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ مۇزىكا ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىپ 19 يىل ئىسكىرىپكا چېلىش بىلەن كامالەتكە يەتكەن مرزىكانت بولۇپ تونۇلۇپ، 1975 - يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ سەنئەت ئۆمىكىگە كەلگەندىن كېيىن «نىگارىم» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىشلەش، «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنىڭ رېژىسورلۇقىنى ئىشلەش ۋە غېرىب-نىڭ رولىنى ئېلىش ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا تونۇلغان ۋە ئالقىشقا ئېرىشكەن. يەنە داۋاملىق ئىزدىنىپ «ئۆچ-مەس ئۇچقۇن»، «ھۆكۈم»، «گۆزەللىك ئەخلاقتا»، «ھايات ۋە ئۆلۈم»، «پاجىئەدىن كېيىنكى مۇھەببەت»، «ئالدىنىش» قاتارلىق دراممىلارنى يېزىپ گۇما سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دراما ۋە مۇزىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە زور تۆھپە-لەرنى قوشقان. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانت-لار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مۇزىكانت ئابدۇرېشىت ھۆسۈن

ئابدۇرېشىت ھۆسۈن 1952 - يىلى كىلىيالىڭ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1974 - يىلى گۇما دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغان. 1975 - يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ راۋاب، ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن بارات ھەمدۇللادىن خەلق ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن. 1980 - يىلى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تۇەنجاڭى بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ «گۇما سەنىمى»، «يۈرەك شادلىقى»، «بايرام خۇشاللىقى» قاتارلىق مۇزىكىلارنى رەتلىگەن ۋە ئىجاد قىلغان. ئۇ ئىشلىگەن مۇزىكىلار شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلغان ھەم ۋىلايەتلىك كۆرەكلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## سازەندە بەردى روزى

سازەندە بەردى روزى 1937 - يىلى قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىدا سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 12 يېشىدىن باشلاپ دادىسى روزى ئاخۇندىن تەلىم ئېلىپ مۇزىكا ئۆگىنىشكە باشلىغان. كېيىنچە پاسا ئاخۇن، ئوسمان ئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەرگە ئەگىشىپ كەچكى مەشرەپ، يىل بېشى، توي - تۆكۈنلەردە

ساز چېلىشقا قاتناشقان. 1957 - يىلى ئاھېيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ ئىسكىرىپكا، چالغۇ تارلىق مۇزىكىلارنى چالغان ھەم درامىلاردا رول ئالغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى قوغداپ قېلىشقا زور كۈچ چىقارغان. ھازىرمۇ خەلق سازەندىلىرىنى يېتەكلەپ ئائىلە مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش، خەلق كلاسسىك ناخشا ئاھاڭلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

ئۇسسۇلچى مىجىت تۇردى

خەلق ئۇسسۇلچىسى مىجىت تۇردى 1942 - يىلى گۇما بازىرىدا دېھقان ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1949 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىپ نۇرغۇن ئۆمەر بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە لەپەر ئۇسسۇللارنى ياخشى ئورۇنلاپ، ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتىنى پەيدىنپەي يېتىلدۈرۈپ، ئامىمىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1951 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىدە 1962 - يىلغىچە ئىشلەپ كەسپىنى ئۆزگەرتىپ ئۆز يۇرتى گۇمىغا قايتقان. مىجىت تۇردى دۇتار چېلىش ۋە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى ئويناشتا بىر قەدەر يۇقىرى تالانتقا ئىگە بولغان. خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ 1991 - يىلى رامىزان مەزگىلىدە ۋاپات بولغان.

## ئاخشچى بۇئايشى ھەسەن

ناخشىچى بۇئايشى ھەسەن 1944 - يىلى گۇما بازار ئىچىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ناخشا ئوقۇشقا ھەۋەس قىلغاچقا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا ناخشىچى بولۇپ يېتىشىپ 12 يېشىدا ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن تىرىشىپ مەشىق قىلىپ ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى ياخشى يېتىلدۈرۈپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىلىرىدە ئورۇنلىغان ناخشىلىرى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. 1980 - يىلى ئۇنىڭ ناخشىلىرى لېنتىغا ئېلىنغان.

## نۇرخان رۇسۇل

نۇرخان رۇسۇل 1944 - يىلى گۇما بازىرىنىڭ ساغان كەنتىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1960 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشقان. 1965 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە ئالمىشىپ 1980 - يىلغىچە كۆكتېرەك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1981 - يىلى نىشاندار يېزىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدا ئىشلىگەن. ھازىر دەم ئېلىشقا چىقتى.

ئۇ كۆرەك ۋاقتىدىن باشلاپلا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، قوشاق يادلاشقا بەكمۇ قىزىقاتتى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قانچە پارچە شېئىرى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى.

ئۇ ھېلىھەم ئائىلە ئولتۇرۇشلىرىدا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم ئەتمەكتە.

## ناخشىچى خەلچىخان

خەلق ناخشىچىسى خەلچىخان 1940 - يىلى زاڭگۇي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 15 يېشىدىن باشلاپ ناخشا ئېيتىش، دۇتار چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭراق، ناخشا ئېيتىش ماھارىتى خېلى يۇقىرى بولغاچقا 1957 - يىلى قاراقاش ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ 1962 - يىلغىچە ئىشلىگەن. 1962 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە قاراقاش زاۋا يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۆيىدە ناخشىچى بولغان. زاۋا سەنئەت دۆيى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتى زاڭگۇيغا قايتىپ كەلگەن. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇ ھەمىشە مەشرەپ، مەرىكىلەردە ناخشا ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ئورۇنلىغان «سېغىنىپ كەلدىم» قاتارلىق ئون نەچچە ناخشا 1981 - يىلى لېنتىگە ئېلىنغان.

## سازەندە كىچىك روزى

خەلق سازەندىسى كىچىك روزى 1946 - يىلى قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەسچىت ئالدى دېگەن يېرىدە سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1952 -

يىلدىن 1955 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن ئاشلاپ دادىسى روزەمدىن دۇتار، ساتار چېلىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. 1957 - يىلى گۇما ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئۇستازى ئابدۇقادىر نۇردىن ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگەنگەن. شۇندىن كېيىن داۋاملىق ساز چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ 1959 - يىلى ئاپتونوم رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ ئىسمىھان بىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1962 - يىلى قىسقارتىلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىزچىل ساز چېلىش، نەغمە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنىڭ دۇتار، ئىسكىرۇپ، داپ، سۇناي قاتارلىق سازلارنى چېلىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە.

### ئابدۇللا مەمتىمىز

خەلق چالغۇچىسى ئابدۇللا مەمتىمىز 1926 - يىلى 11 - ئايدا موجى يېزىسىنىڭ غازچاقا كەنتىدە تۇغۇلغان. دەسلەپتە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئاندىن كېيىن ئازادلىققا قەدەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1951 - يىلى 3 - ئايدا ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ خوتەن 39 - پولكتا ئەسكەر بولغان. 1954 - يىلى يەرلىك خىزمەتكە كېسىپ ئالماشتۇرغان. ئۇ كىچىكىدىنلا مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىپ خەلق سازەندىسى روزىئاخۇن

راۋابنى ئۇستاز تۆتۈپ، دۇتار، تەمبۇر چېلىشنى ئۆ-
گەنگەن. ئۇ كۆما خەلق ناخشىلىرى بولۇپمۇ غولجا
ناخشىلىرىنى بىر قەدەر ياخشى ئېيتالايدۇ. ئۇ ھازىر
پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ ئائىلىسىدە باللىرىغا مۇزىكا
ئۆگىتىپ ئۆز بىلىمى بىلەن باللىرىنى تەربىيىلىمەكتە.

### ئەخمەت ۋېلى

ئەخمەت ۋېلى 1953 - يىلى كۆما ناھىيىسىنىڭ
بازار ئىچىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
1963 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە،
1968 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان
چېغىدىن باشلاپ مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىپ، مىجىت
تۇردى، مەخمۇت ئېلىنھاجى، مەھەممەت شاكىر قاتارلىق-
لاردىن خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقاملارغا ساز چېلىشنى
ئۆگەنگەن. ئۇ ھازىر خەلق ئاھاڭلىرى ۋە 12 مۇقام
ئاھاڭلىرىغا ساز چېلىشنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.

### ئۇسسۇلچى ئالماخۇن دوغا

خەلق ئۇسسۇلچىسى ئالماخۇن دوغا 1904 -
يىلى قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇغۇلغان.
15 — 16 يېشىدىن باشلاپ قەشقەر بىلەن خوتەن ئارى-
لىقىدا قاتنايدىغان كارۋانلارغا يان چاكار بولۇپ
ئېشەك ھەيدىگەن، كارۋانلار ھەر قايسى لەنگەر-ئۆتەڭ-

لەرگە چۈشكەندە ھاردۇق چىقىرىش ئۈچۈن مەشىرەپ قىلىشقان. ئۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ بېشىدا چىنە قويۇپ ئوينايدىغان مىللىي ئۇسسۇلنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىيالايدۇ.

## خەلق ئۇسسۇلچىسى ھاۋاخان كىمگىز

خەلق ئۇسسۇلچىسى ھاۋاخان 1928 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ توخولا يېزىسىدا تۇغۇلغان. كېيىن ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ سانجۇ يېزىسىنىڭ باش ساۋا كەنتىگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ دادىسى ھېيىت ئاخۇن كىمگىزچى، نەغمىچى كىشى بولغاچقا ھاۋاخان ھەم ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىمۇ دادىسىدىن نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ دۇتار چېلىش، ناخشا ئوقۇپ نەغمە قىلىش ۋە ئۇسسۇل ئويناشقا ماھىر بولغاچقا ئۇ قاتناشقان ئولتۇرۇش - مەشرەپلەر ئالاھىدە قىزىپ كېتەتتى. ئۇ كۆپ ناھىيىسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئايال ئۇسسۇلچى ۋە نەغمىچى-

## قىزىقچى ئىبراھىم ياقۇپ

ئىبراھىم ياقۇپ 1920 - يىلى موجى يېزىسىدا تۇغۇلغان. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن 1939 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ دادىسى-ياقۇپ ئاخۇن قىزىقچى، ھەزىلچى ئادەم بولغاچقا

ئۇ دادىسى بىلەن توي - مەرىكە، ئويۇن - مەشرەپلەرگە بېرىش ئارقىلىق كىچىكىدىن باشلاپ چاقچاق قىلىش، قىزىق گەپلەرنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ 1939 - يىلدىن 1951 - يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1951 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە كەسىپ ئالمىشىپ سەھىيە ئىدارىسىدا كادىر، خەلق دوختۇرخانىسىدا دوختۇر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ دوختۇرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىزىق گەپ ۋە چاقچاقلارنى توقۇش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تونۇلغان. ئىبراھىم ياقۇپ ئوقۇتقۇچى بولغان ياكى سەھىيە شىپىدە ئىشلىگەن مەزگىللەردە بولسۇن ھەممىشە جەمئىيەتتىكى قىزىقچى، چاقچاقچىلار بىلەن ئارىلىشىپ يېقىندىن يېڭى چاقچاق ۋە لەتىپىلەرنى توقۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلگەن.

### قۇربان ھېيتقۇل

قىرغىز ناخشىچى قۇربان ھېيتقۇل 1918 - يىلى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ ھەيىنەزەر قورغان دېگەن يېرىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئىرداشقا ئىشتىياق باغلاپ 16 ياشتا قىرغىز خەلق ناخشىلىرىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالغان. كېيىنچە توي - مەرىكىلەرگە، ئېيتىشلارغا قاتنىشىپ پىشقەدەم سازەندىلەردىن «ماناس» داستانىنىڭ پارچىلىرىنى ئىرداشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ 1953 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كەڭقىر ۋە

سانجۇ يېزىلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى-
لىق بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ ھەمىشە مەكتەپ ئويۇشتۇر-
غان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ ئىش-
تىراك قىلىپ قىرغىز خەلق ئاھاڭلىرىنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇ-
غۇچىلارغا ئىرداپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇ 1987 - يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ
تاشېرىق كەنتىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

**قادىر نورۇز**

قىرغىز سازەندە (قومۇزچى) قادىر نورۇز 1927-يىلى
كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ ئۇلاچى كەنتىدە
چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 12 يېشىدىن باشلاپ
دادىسى نورۇز ئاكىدىن قومۇز چېلىپ ئىرداشنى (ناخشا
ئوقۇش) ئۆگەنگەن. ئۇ ھەمىشە تاغلارغا چىقىپ قوي
باقىنىدا قومۇزنى يېنىدىن ئايرىماي داۋاملىق خەلق
ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئاخىرى كەڭ-
قىر تەۋەسىدە تونۇلغان سازەندە بولۇپ يېتىشىپ چىققان.
1983 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەن-
ئەتچىلىرىنىڭ كۆرىكىگە قاتناشقان، ئۇ ئورۇنلىغان قىر-
غىزچە ناخشىلار ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ بىر دانە قو-
مۇز ۋە نەخ پۇل بىلەن مۇكاپاتلانغان.

**مۇرات ئاخۇن**

تاجىك نەغمىچى مۇرات ئاخۇن 1917 - يىلى نەۋ-
ئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ كېڭەز كەنتىدە چارۋىچى

ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 20 يېشىدىن باشلاپ سۆڭەك نەي ۋە داپ بىلەن تاجىك مىللىي ئاھاڭلىرىغا نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇ توي-مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ ئۆزىنىڭ نەغمە قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن ۋە بۇ ئاھاڭلارنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن. ئۇ ئورۇنلىغان «شەكەر لەۋلىك»، «لەيلىخان يارۇ»، «ھاۋا جۇنەك» قاتارلىق ئۈن نەچچە ناخشا 1983-يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان.

### سالى ئاخۇن

تاجىك نەغمىچى سالى ئاخۇن 1912-يىلى نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئاقشو كەنتىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 17 يېشىدىن باشلاپ نەغمە قىلىش ۋە تاجىكچە ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كامىل نەغمىچى ۋە ئۇسسۇلچى بولۇپ تونۇلغان. ئۇ ئورۇنلىغان بەككىز ناخشا 1983-يىلى مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان. ئۇ ياسىغان «ئارغىماق ئۇسسۇلى» ۋە «قارچۇغا قۇشلاش ئۇسسۇلى» 1983-يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ كۆرىكىدە 1-دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

### مىرەخمەت ھوشۇر

مۇزىكانت مىرەخمەت ھوشۇر 1955-يىلى گۇما نا-

ھېيسىنىڭ يېنىدا يېزىنىڭ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1963- يىلدىن 1975- يىلغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ناھىيىلىك سەنئەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1975- يىلدىن ھازىرغا قەدەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

مىرەخمەت ھوشۇر گەرچە مەخسۇس سەنئەت مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ لېكىن كىچىكىدىن باشلاپ راۋابقا قىزىقىش ئىشتىياقى باغلاپ، ئەلنەغمىچىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن زور نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇ 1978- يىلدىن ئېتىبارەن مۇزىكا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويدى. سەھنىدە ئۆتكەن 15 يىللىق مۇكانتلىق ھاياتىدا «ئۆچمەس ئۇچقۇن» «كۆتۈلمىگەن توي» قاتارلىق دراما ۋە «باتۇر ئىنىشچان ئاياللار بىز» «يۈرەك سۆزى» «ئۆرلەۋەتەن» قاتارلىق 250 دىن ئارتۇق كانسېرت نومۇرلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىدى.

يولداش مىرەخمەت ھوشۇر ئىشلىگەن «نېفىتچىلار قەلبى»، «يىپەك يۈرتى گۈللىنىمەكتە» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ناخشا مۇزىكىلىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلىۋاتىدۇ.

ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ئارقىلىق 3- دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيە تېپىسى ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

## مەمەت قادىر

مۇزىكانت مەمەت قادىر 1952 – يىلى 9 – ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسى ئالمىلىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1957 – يىلىدىن 1965 – يىلىغىچە ناھىيىلىك بازار باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە 1 – ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1965 – يىلىدىن 1968 – يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ سەنئەت سىنىپىدا ئوقۇغان. 1977 – يىلىدىن ھازىرغا قەدەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ ئۆمەكنىڭ مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى، مۇزىكا يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ئىشلىگەن 24 مۇزىكا ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن كەسپىي ئورۇنلارنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە 1 –، 2 –، 3 – دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «باغ سەيلىسى»، «كۆزگۈم كېلۇر» قاتارلىق توققۇز ناخشا مۇزىكىسى ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە.

مۇزىكانت مەمەت قادىر 1986 – يىلى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1986 – يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنغان. 1988 – يىلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر ناھىيىدىكى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ چالغۇچىسى، مۇزىكا ئىجادىيەتچىسى ۋە مۇزىكا يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## ئابلىمىت مۇھەممەت تكبىرىم

خەلق ئەلنەغمىچىسى ئابلىمىت مۇھەممەت تكبىرىم 1945- يىلى و- ئايدا گۇما ناھىيە چودار يېزا سىئۇەت چاقار كەنتىدە تۇغۇلغان. 1954- يىلىدىن 1958- يىلغىچە موجى يېزا بازار باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1958- يىلىدىن 1961- يىلغىچە سانخۇ يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1964- يىلىدىن 1966- يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكوم مەكتىپىدە، 1972- يىلىدىن 1973- يىلى 7- ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1973- يىلىدىن 1993- يىلغىچە گۇما ناھىيىسىنىڭ زاڭگۇي، پىشنا، مۇجى، چودار قاتارلىق يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

سازەندە ئابلىمىت مۇھەممەت تكبىرىم 1968- يىلىدىن ئېتىبارەن سازغا ئىشتىياق باغلاپ دۇتار، داپ، تەمبۇر قاتارلىق سازلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان ماھارەت كە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ سازنى قولىغا ئالسا كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىككى، ئۈچ كۈن ئارام ئالماي چالىدىغان بۇ خىل ماھارىتى كىشىلەردە زور قىزىقىش قوزغىغان ۋە ئالقىش ياڭراتقان. 1972- يىلىدىن ھازىرغا قەدەر خوتەن ۋىلايىتى،خوتەن ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسى ۋە ناھىيىمىز تەۋەسىدە 1500 قېتىمدىن ئارتۇق ئەلنەغمە سورۇنلىرىغا قاتناشقان، ئويۇشتۇرغان. ئۇنىڭ يۇقىرى ماھارىتى، ياڭراق ئاۋازى بىلەن سورۇنغا زور

ھايات بەخش ئەتكەن. سەنئەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى
تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئامانگۈل ئابدۇغىنى،
رۇشەنگۈل توختىمە ھەممە تەلەرنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى-
گە يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ بارلىقىنى ئەلنەغمە ئىشلىرىغا
بېغىشلىغان بولۇپ، ھازىر خەلق ئەلنەغمە سورۇنلىرىنىڭ
گۈل تاجىسىغا ئايلاندى.

## 10. باب خەتتات، رەسسام، فوتوگرافلار

### قۇدرەت مۇسا ھاجىم

خەتتات ۋە رەسسام قۇدرەت مۇسا ھاجىم 1927 - يىلى كىرما بازىرىدا ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 13 ياشقا كىرگۈچە ئابدۇكېرىم ھاجىم، ھىدايىتۇللا ھاجىم قاتارلىق كىشىلەردە دىنىي بىلىم تەھسىل قىلغان. 1938 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە ئارتىس، ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە رېژىسسور، ئۆمەك باشلىقى ھەم مەدەنىيەت يۇرتىغا باشلىق بولغان. 1959 - يىلى «سولچىل» لۇشىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بىر مەزگىل خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالغان. 1979 - يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، پەن - مەدەنىيەت ساھەسىگە قايتىۋرۇپ كېلىنگەن.

ئۇ، پېشقەدەم مائارىپچى، ئۇستا خەتتات ۋە رەسسام بولۇپ، بىر قانچە يىللىق ھاياتىدا كىرما ناھىيىسىنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى. بىر تەرەپتىن خەتتاتلىق، رەسساملىق خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ ئىشلىسە يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرت تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، 500 نەپەردىن ئارتۇق

كىشىگە رەسىم ۋە تەۋسىيەنامە تۆكەتتى. ئۇ 1989 - يىلى 2 - ئايدا بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

## مۇھەممەت ئىبزىز

مۇھەممەت ئىبزىز 1933 - يىلى كۇما بازىرىدا بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى ساۋاتىنى ئائىلىسىدە چىقارغان. 1948 - يىلى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملىغان. 1948 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1955 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، 1958 - يىلىغىچە ئىسمىسلا، كىلىيالىك، بىدالىغ قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1959 - يىلى «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىر مەزگىل ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1978 - يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 1988 - يىلىغىچە نىشاتىدار مەكتەپ ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.

ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقان بىر قانچە يىل جەريانىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنى قېتىرقىنىپ تەربىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەتتاتلىق، رەسساملىق كەسپلىرىنى پۇختا ئىگىلىۋالدى. ئۇ، ناھىيىمىزدە چىقىرىلىدىغان «كۇما مائارىپ خەۋىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋا، تېمىتول، قىستۇرما رەسىملىرىنى ئۆزى ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا مەتبۇئات ئورۇنلىرى-

غا ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى ئەۋەتتى. بىر نەچچە پارچە ھۆسنىخەت ئەسىرى «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

## ئوسمان سىيىت

ئوسمان سىيىت 1946 - يىلى 4 - ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ نىشاندا يېزا تۆگمە بېشى كەنتىدە قول ھۆنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961 - يىلى 10 - ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1961 - يىلى 10 - ئايدا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا تاللىنىپ خىزمەتكە قاتناشقان. شۇندىن تارتىپ خەلق ھۆكۈمەت ۋە ناھىيىلىك پارتكوم قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت ئىشلىگەن. 1987 - يىلى 9 - ئايدىن 1989 - يىل 7 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر شۆبىسىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان. ھازىر ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقان بىر قانچە يىلدىن بۇيان ھاياتىنى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا فوتو سۈرەتچىلىك، خەتتاتلىق كەسپىنى ئىگىلەپ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ، پېشقەدەم ھۆسنىخەت ئۇستىسى قۇدرەت مۇسا ھاجىنىڭ ياردىمى

بىلەن ھۆسنىخەت كەسپىنى داۋاملىق پىششىقلاپ. تېخنىكا سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، ھۆسنىخەت سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ناھىيىدە ئېچىلغان ھەر قانداق چوڭ يىغىن، قۇرۇلتايلارنىڭ لوزۇنكا، شوئارلىرى، تام گېزىت، تەشۋىقات تاختىلىرى، ھۆججەت ئىسىملىرى، ۋىۋىسكا قاتارلىقلاردا ئۇنىڭ ھۆسنىخەتلىرى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ «گۈزەللىك ئەخلاقى»، «ئىتتىپاق قىلىشىپ ئىشلەيلى» قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنىخەت ئەسەرى ۋىلايەت، ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسنىخەت مۇسابىقىسىدە 1-، 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بىر قانچە يىل مابەينىدە كۆپلىگەن فوتو سۈرىتى «شىنجاڭ گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى» دە ئارقا- ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ناھىيىدە ئېچىلغان بىر قانچە قېتىملىق ھۆسنىخەت كۇرسلىرىدا دەرس سۆزلەپ، ھۆسنىخەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

يولداش ئوسمان سىيىت مەركىزىي مىللەتلەر شۆبىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، مەركىزىي ئاز سانلىق مىللەتلەر كىنو تەتقىقات ئورنى ئىشلىگەن «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توي ئۆرپ- ئادىتى» دېگەن فىلىمغا ئىسىم يېزىپ بېرىپ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، مادىدىي مۇكاپاتىغا ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

ئۇ يەنىلا تىرىشىپ، داۋاملىق ئىزلىنىپ، يېڭى- يېڭى ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلماقتا.

## ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان

تالانتلىق خەتتات ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان 1946 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىسلا كەنتىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلغىچە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1962 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي شىپاخانىدىكى ئېلىخانىنىڭ قېشىدا ئىشلىگەن ھەم فارموكاپىيە تۈزۈش، كېسەل كۆرۈش ئىشلىرىنى ئۆگەنگەن. 1979 - يىلغىچە قوشتاغ يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن. 1979 - يىلدىن ھازىرغىچە ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىدا مەسئۇل ۋراچ بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، بىر تەرەپتىن خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلىسە يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئوردۇ تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالغان.

ئۇ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەشتە چەت ئەل تىلى بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، بىر قانچە يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى قادىر قاۋۇزنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئىنگلىز تىل - يېزىقىنى مۇكەممەل ئىگىلىۋالغان. ئۇ، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تەلەپپۇز قىلىش جەھەتتە يەنە يېتەرسىزلىكىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ئەنگىلىيىلىك ماكبستېر، ئۇيغۇرشۇناس دەنىل مىلىنجۇندىن تەلىم ئېلىپ، ئىنگلىز تىلىنى

توغرا تەلەپپۇز قىلىشىنى ئۆگىنىۋالغان. ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان يۇقىرىقى بىر قانچە خىل چەتئەل تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن پەن - تېخنىكىغا ئائىت بەزى يېڭى - يېڭى بىلىملەرنى ئۆز كەسپىگە تەدبىقلاپ، بىلىم سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن.

ئۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى خەت نۇسخىلىرىنى ھۆسنىخەتلەپ يېزىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇنىڭ قولى بەئەينى گۈل بولۇپ، يازغان خەتلىرى يىپقا تىزغان مونچاقتەك كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان 1980 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلىتىمىزدە نەشىر قىلىنىپ، چەتئەللەرگە تارقىتىلىدىغان «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلى، «بىنائىسسىن» (جۇڭگو بىناكارلىقى)، «تەسۋىرىي چىن»، (جۇڭگو مەنزىرىلىرى) قاتارلىق ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى ژۇرناللارغا مۇقاۋا، ھۆسنىخەتلەرنى يېزىپ بېرىپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ھەم تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە.

### ئابلىكىم قۇدرەت

ئابلىكىم قۇدرەت 1964 - يىلى 3 - ئايدا گۇما بازىرىدا پىشقەدەم مائارىپچى، ئۇستا خەتتات ھەم رەسسام قۇدرەت مۇسا ھاجىم ئائىلىسىدە دۇن-

ياغا كەلگەن. 1983 - يىلغىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. ئۇ، بۇجەرياندا بىر تەرەپتىن تىرىشىپ ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىسە يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، رەسساملىق ۋە خەتتاتلىق كەسپىنى ئىگىلىگەن. ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقان بىر قانچە يىل جەرياندا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، 200 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنىخەت، رەسىملەرنى ئىجاد قىلىپ، ناھىيە بازىرىدىكى كوچىلارغا تەشۋىقات جازىسى قىلىپ ئىشلىدى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتلەردە كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. تەتىل مەزگىللىرىدە 300 نەپەردىن ئارتۇق ياش - ئۆسمۈرلەرگە ھۆسنىخەت ئۆگەتتى.

ھازىر ئۇ، ۋىلايەتلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

### ئېزىز تۇرسۇن

ئېزىز تۇرسۇن 1970 - يىلى گۇما بازىرىدا كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىل 7 - ئايغىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشقان. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل شەكىل، مول مەزمۇنغا ئىگە گۈزەل - سەنئەت، ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلماقتا. بۇ كۈرس ئېچىپ 50 دىن ئار-

تۇق خەتتات تەربىيلەپ گۇما ناھىيىسىنىڭ ھۆسنىخەت تات-
يانچىلىرىنى تەربىيلەشتە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

## رۇشەنگۈل ئۆمەر

ئۆمىدلىك ياش رەسسام ۋە خەتتات رۇشەنگۈل 1972-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى گۇما ناھىيە بازار ئىچىدە كاذىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپنى ناھىيىلىك 3-باشلانغۇچ ۋە 1-ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تاماملىغان. 1987-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ رەسىم كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش جەريانىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھەر خىل تۈر ۋە مەزمۇندا 90 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم، 50 پارچىدىن ئارتۇق ھۆسنىخەت ئىجاد قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ئۇستازلارنىڭ ۋە مەكتەپ تەشكىلىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. بۇ مەزگىلدە سىزغان رەسىم، يازغان ھۆسنىخەتلىرى خوتەن شەھىرى، گۇما، قاراقاش، لوپ ۋە چىرا ناھىيىلىرىدە كۆرگەزمە قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40-يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە 12 پارچە ئىجادىي ئەسىرى كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1-ۋە 3-دەرىجىگە ئېرىشىپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى

جەھەتتىن مۇكاپاتلىنىشقا ئېرىشكەن. بىر پارچە لەۋھەسى ئالاھىدە دەرىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە تاللانغان.

**لى داخۇا**

لى داخۇا 1932 - يىلى گۇاڭدوڭدا تۇغۇلغان. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ، 1952 - يىلى گۇما ناھىيىسىگە كېلىپ، ناھىيىلىك پارتكومغا ئورۇنلاشقان. 1976 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، فوتوگرافىيە، خەتتاتلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ گۇما ناھىيىسىدىكى بىردىنبىر خەنزۇچە ھۆسنىخەت ئۇستىسى بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدى. 1981 - يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن داخىيەنگە يۆتكىلىپ كېتىپ، 1983 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

**ئەخمەتجان ئابدۇقادىر**

ئەخمەتجان ئابدۇقادىر 1960 - يىلى گۇما بازىرىدا كادىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1973 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1980 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، شۇندىن بۇيان كۆپلىگەن فوتو سۈرەت، ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى.

[illegible]

## ۋاڭ شيو

ۋاڭ شيو 1930 ـ يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان. ئۇ ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1953 ـ يىلى گومىغا كېلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئورۇنلاشقان. 1965 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، فوتو سۈرەتچىلىك كۇرسى ئېچىپ، گومىنىڭ فوتوگرافىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. 1973 ـ يىلى بېيجىڭغا قايتىپ كەتكەن. [illegible]

## ئابدۇللەھەت ئالىم

ئابدۇللەھەت ئالىم 1961 ـ يىلى 10 ـ ئايدا گوما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىسمىلا كەنتىدە كادىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1977 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك سىفەننى پۈتتۈرۈپ، 1984 ـ يىلغىچە ئۆز يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ مائارىپ شۆپۆەنىنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن.

ئۇ، بىر تەرەپتىن خىزمەتلىرىنى بېرىلىپ ئىشلىسە يەنە بىر تەرەپتىن ھەۋەسكارچىلىك، فوتوگرافىيە

ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى بۇ كەسىپكە بېغىشلىدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «خوتەن گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەمگەك - كادىرلار خىزمىتى ۋۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرىتى، 70 پارچە ھەجۋىي رەسىمى، 20 پارچە ھۆسنىخەتتى، 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ ھەجۋىي رەسىملىرى بىلەن نام چىقارغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە بىر نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

## ئابدۇلئەھەت ھاشىم

ئابدۇلئەھەت ھاشىم 1961 - يىلى 11 - ئايدا كۇمانا ھېيىتىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1978 - يىلى 7 - ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان. 1980 - يىلى خوتەن شىفەننىڭ فىزىكا كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، كۆكتېرەك يېزىسىغا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە تەقسىم قىلىنغان. 1981 - يىلى 6 - ئايدىن 1991 - يىلى 6 - ئايغىچە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا ئىشلىگەن. ھازىر ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ، ئۆزلۈكىدىن تىرىشىش ئارقىلىق فوتوگرافىيە كەسپىنى ئىگىلەپ، كۆپلىگەن بەدىئىي سۈرەتلەرنى ئىجاد قىلدى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى»،

«خوتەن گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا 156 پارچە بەدىئىي سۈرىتى ئېلان قىلىندى.

1987 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە ئىككى پارچە سۈرىتى تاللىنىپ، ماددىي جەھەتتىن مۇكاپات ئالدى.

ئۇ يەنە كۈچلۈك مىللىي ئۇسلۇب، مول مەزمۇنغا باي بەدىئىي سۈرەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلماقتا.

### ۋاڭ لىدى

ۋاڭ لىدى 1948 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1968 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ قۇرۇلۇش فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى 8 - ئايدا گۇمىغا كېلىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشقان ھەم رەسساملىق، خەتتاتلىق، فوتوگرافىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ھەر يىلى قەرەللىك ھالدا كۇرس ئېچىپ، 50 نەپەردىن ئارتۇق رەسسام شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇ گۇمىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ھارماي - تالماي ئىزدىنىپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان.

### مەھەممەت شاكىر

مەھەممەت شاكىر 1952 - يىلى گۇما بازىرىدا تۇغۇلغان. 1973 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەك

تەپنى تاماملىغان. 1976 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، موكۇيلا ئوتتۇرا مەكتىپكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قېتىرقىنىپ بىلىم ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن قۇدرەت مۇسا ھاجىم، ئەخمەت مۇھەممەتلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ خەتتاتلىقنى ئۆگەنگەن. 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارغا ھۆسنىخەت ئۆگەتكەن. ھازىر ئۇ، كۆكتېرەك يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەپ كەلمەكتە.

## ئىدرىس توختىباقى

ئىدرىس توختىباقى 1944 ـ يىلى موجى يېزىسىدا كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1961 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغان. 1964 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەنىنى پۈتتۈرۈپ، 1973 ـ يىلىغىچە گۇما بازار ئوغۇللار مەكتەپ، نىشاندار يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1973 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە موجى باشلانغۇچ مەكتەپتە رەسىم، ھۆسنىخەت، مۇزىكا دەرسلىرىنى ئۆتۈپ كەلمەكتە.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھۆسنىخەت يېزىش، رەسىم سىزىشقا قىزىقاتتى. شۇندىن باشلاپ ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگەچكە ئۇستا خەتتات ھەم رەسساملاردىن بولۇپ قالدى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا بىر قانچە پارچە ھۆسنىخەت ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئۇ، بىر تەرەپتىن ياش ئۆسمۈرلەرگە قىزىقىپ بىلىم ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن داۋاملىق ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ۋە رەسىملەرنى ئىجاد قىلماقتا.

### قادىر روزى

قادىر روزى 1939 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 - يىلى ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچنى تاماملىغان. 1955 - يىلى خوتەن تولۇقسىز سىنىپنى، 1958 - يىلى قەشقەر تولۇق سىنىپنى پۈتتۈرگەن. ئۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئېلىشقۇ، بەشكەن يېزىلىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە 1984 - يىلى 7-ئايغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1984 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ، قوشتاغ ئوتتۇرا مەكتەپتە مائارىپ ئىشلىرىدا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ، بىر تەرەپتىن تەلىم - تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە، داھىيلار، ئالىملار، يازغۇچىلارنىڭ 100 پارچىدىن ئارتۇق كىچىك فوتو رەسىملىرىنى بەئەينى چوڭايتىپ سىزىپ، ئوقۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلىغان.

### مۇھەممەتجان تۇنىياز

مۇھەممەتجان تۇنىياز 1967 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1987 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سىفەنىڭ گۈزەل - سەنئەت سىنىپىنى پۈتتۈر-

گەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپلىگەن رەسىم، ھۆسنخەتلەرنى ئىجاد قىلىپ، ناھىيىدە ئۇيۇشتۇرغان كۆرگەزمىدە ئامىمىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

## ئابلىكىم يۈسۈپ

ئابلىكىم يۈسۈپ 1966- يىلى 4- ئايدا گۇما ناھىيىلىك دۇۋا بازىرىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1966- يىلىدىن 1972- يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1972- يىلىدىن 1982- يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1982- يىلى 10- ئايدىن 1985- يىلى 4- ئايغىچە دۇۋا بازىرى لامۇتىر كەنتىنىڭ مەدەنىيەت ئۆيىنى باشقۇرغان. 1985- يىلىدىن 1992- يىلى 12- ئايغىچە دۇۋا بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. 1993- يىلى 1- ئايدىن ھازىرغا قەدەر گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسى مەدەنىيەت بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئابلىكىم يۈسۈپ 1985- يىلىدىن باشلاپ دۇۋا بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە جاپاغا چىداپ ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن دۇۋا بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئالتە قېتىم

ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ۋە تەقدىرلەندى. يولداش ئابلىكىم يۈسۈپ خىزمەتكە قاتناشقان توققۇز يىل ئىچىدە ئۇداسىگە ئىككى قېتىم مەدەنىيەت سېستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى ۋە تەقدىرلەندى. ئۇ مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت 1991- يىلى ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ بىر قارار ھۆسنخەت ئۆگىنىش كۇرسى، بىر قارار تانسا ـ ئۇسسۇل ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ ئۆز يېزىسىدا 100 نەپەر ياشنى تەربىيىلىدى. 1992- يىلى دۇۋا بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى تەشكىللەپ دۇۋا بازىرىدا يېڭىلىق ياراتتى. 42 مەيدان ئويۇن قويۇپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترەتلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. يولداش ئابلىكىم يۈسۈپ ئىشلىگەن ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسنخەت كۆرگەزمىلىرىدە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ 1987- يىلى ئاپتونوم رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭدا باھار» ھۆسنخەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1987- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي خۇش خەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي خۇش خەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## 11 ـ باب ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى

گۇما ناھىيىسىنى قوشتاغ دەرياسى، سانجۇ دەرياسى، دۇۋا دەرياسى، پوسكا دەرياسى، سولغاز دەرياسى قاتارلىق بەش ئانا دەريا ئۆزىنىڭ شەربەت سۈيى بىلەن كۆكەرتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھەر يىلى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قۇم ـ بوران ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما گۇمىنىڭ تۇپرىقى ۋە ھاۋا كىلىماتى ياخشى بولغاچقا باغلىرىدا ھەر خىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر ئوبدان ئوخشىغاندىن سىرت تاغلىرىدا قان تېپەر، بەخمەيشە، يۈرەك ئوتى، بۆرە سامسىقى، توشقان زەدىكى، ئالقات، زىنجى، چۆچۈكبۇيا، ياۋا سامساق، ياۋا پىياز قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى، يەنە كېيىك، جەرەن، توشقان، ئۆلا، كەكلىك، قۇم توخۇسى، كۆكەمەك قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلار ياشايدۇ. يۇقىرىقىلار گۇما خەلقىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن مۇھىم ئامىللاردۇر. گۇما ناھىيىسىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئىرسىيەت ئامىلىغا باغلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇزۇن

ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەردۇر. يەنە بىر مۇھىم ئامىل ئۇلار-
نىڭ كۆپىنچىسى ئەمگەكچى دېھقان چارۋىچىلار. شۇڭا ئۇلار
كىچىككىنەدىن باشلاپ سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ ھەمىشە ئەم-
گەك قىلغان، كۆپ ھەرىكەت قىلغان. كۆڭلى- كۆكسىنى كەڭ
تۇتۇپ، ئۇششاق ئىشلاردا ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنى ئۇپراتما-
غان، تاماق تاللىمىغان، قوناق تامىقى، مېۋە- چېۋە،
گۆش قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغان. كەيىپ
قىلمىغان، ناشايان ئىش، يامان ئادەتلەردىن پەرھىز
تۇتقان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

توختىنىيەم ھاجىم

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى توختىنىيەم ھاجىم
1855 - يىلى سانجۇ يېزا باش ئېرىغىل كەنتىنىڭ
چاكاندا مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ
دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغاندىن
كېيىن 12 يېشىدىن باشلاپ قوي بېقىش بىلەن شۇغۇللان-
غان. 1883 - يىلى 28 يېشىدا بىرىنچى قېتىم ھەج تاۋاپ
قىلغان. 1900 - يىلى 45 يېشىدا ئىككىنچى قېتىم ھەج
تاۋاپ قىلىپ قايتقان. بىرىنچى قېتىم ئۆيلەنگەن لەيلى-
خان ئىسىملىك خوتۇنىدىن ئۈچ ئوغۇل (ئىككى ئوغۇل قوش-
كېزەك)، ئىككى قىز بەش پەرزەنت كۆرگەن. لەيلىخان ئۆلۈپ
كەتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم 86 يېشىدا تۇخان
ئىسىملىك 30 ياشلىق ئايالغا ئۆيلەنگەن ۋە ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن. توختىنىيەم ھاجىم
كىچىكىدىن باشلاپ سەھەر قوپۇپ، كەچ يېتىپ، ئەمگەك

قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئوقەت چايلىقتا تولغان باي بولسىمۇ، ئەزەلدىن پۈلنى بۇزۇپ چاچمىغان، ئىسراپچىلىق قىلمىغان، تاماق تاللىمىغان. قوناق تامىقىنى، گۆش، سۈت ـ قېتىقىنى، ياڭاق، ئۆرۈك ۋە مېغىز قاتارلىقلارنى، چىۋىغا قىزىلگۈل غازدىكىنى قوشۇپ ئىستېمال قىلغان. 80 ياشتىن ھال قىغاندىن كېيىن ناشتىدا ماش پۇرچاق سالغان ئوماچ ئىچىشنى، ئاندىن كېيىن ئۈزۈم، ياڭاق، كۈنجۈت قوشۇپ ئېتىلگەن سوقماق يېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. جەۋرى ـ جاپا، بالا ـ قازاغا سەۋرى تاقەتلىك بولغان. ئۆمرىدە كەيپ قىلمىغان، ئىشتىن قالمىغان، جاھاننىڭ غەۋغالىرىغا ئارىلاشمىغان. ناشايان ئىشلاردىن پەرھىز قىلغان، كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتقان. ئۇ 1967 ـ يىلى 112 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## خالمىرزا بەگ

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپىنى خالمىرزا بەگ 1880 ـ يىلى تاشقورغاننىڭ شەرنەپ دېگەن يېرىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز يۇرتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان. 1898 ـ يىلى 18 يېشىدا دادىسى ئابدۇللا بىلەن سانجۇ يېزىسىنىڭ تاش ئېرىق دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان. ئۇ كونا ھۆكۈمەتكە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 18 يىل ئەسكەر، لېيەنجاڭ بولغان. 1938 ـ يىلى قىرغىزلارغا بەگ بولغان. 1910 ـ يىلى گۇما يەكەندىن ئايرىلىپ

ئايرىم ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن شەيدۇللا چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بولغان. شۇنىدىن كېيىن ئۇ كەڭقىر، سېرىق قىر، كورلەك، ھەينەزەر، شەيدۇللا، مەخسۇم بۇلاق، باراڭسۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان قىرغىز خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ دۆلەت چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا تېگىشلىك زەربە بېرىش، شەيدۇللا ئېغىزىدىن چەتئەلگە چىقىدىغان ۋە كىرىدىغان كارۋان يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بولۇپمۇ 1915 ـ يىلى جۇڭگو دۆلەت چېگرا بەلگىسىنى جۇڭگو ھىندىستان ئىككى دۆلەت چېگرىسىغا ئورنىتىپ ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

ئۇ ئات مىنىش، پىيادە يول يۈرۈش، داۋاملىق ھەرىكەت قىلىشقا، ئەمگەك قىلىشقا ئادەتلەنگەن. تاماق تاللىمىغان، گۆش، سۈت، قېتىق، مېۋە ـ چېۋىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلغان. ئۇ ئىككى خوتۇنلۇق كىشى بولۇپ، ئۈچ قىز، تۆت ئوغۇل يەتتە پەرزەنت كۆرگەن. بۇ يىل ئۇ 112 ياشقا كىرگەن: ھېلىمۇ يېنىك تۇردىكى ئېتىز ئىشلىرىنى قىلالايدۇ. ئىشتىھاسى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشى خېلى ياخشى.

## مەتتوختى نىياز

مەتتوختى نىياز 1870 ـ يىلى پىيالما يېزىسىنىڭ قاتار دۆڭ دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆمرىدە تۆت قېتىم ئۆيلەنگەن. ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت

كۆزگەن. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. بىر مەزگىل ئەسكەر بولۇپ، قەشقەر ۋىلا-يىتىنىڭ يېڭىساردا بولغان بىر قېتىملىق سوقۇشقا قاتنا-شقان. ئۇ ئەمگەكتىن ئايرىلمىغان، تاماق تاللىمىغان، چاينى كۆپ ئىستېمال قىلغان. ئانار شەربىتى ئىچىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان، بۇ يىل ئۇ 122 ياشتا بولۇپ، ئىشتىھاسى نورمالنى، يېنىك ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئاڭلاش، كۆرۈش سېزىمى ياخشى.

### بېلىقئاخۇن كەنجى

بېلىقئاخۇن كەنجى 1878 - يىلى كەكىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ كېۋەز دېگەن يېرىدە قىرغىز چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ چارۋا بې-قىش، دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. سۈت، قايماق، ئۇلاق، كەكلىك گۆشىنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. تاماق تاللىمىغان، كەيىپ قىلمىغان. ئۇ بىر قېتىم ئۆيلەن-گەن. ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇل تۆتە پەرزەنت كۆرگەن. ئۇ بۇ يىل 114 ياشقا كىرگەن بولۇپ ئۆزى يول يۈرەلەيدۇ. يېنىك ئىشلارنى قىلالايدۇ، ئاڭلاش، كۆرۈش سېزىمى ياخشى.

### گۈلخان ئالىم

گۈلخان ئالىم (ئايال) 1882 - يىلى نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ كېگەز كەنتىدە تاجىك چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بىر نىكاھلىق بولۇپ يەتتە ئوغۇل، بەش قىز، جەمئىي 12 بالا تۇغقان. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق

ۋە كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ھەمىشە پىيادە يول يۈرگەن. كۆپ ھەرىكەت قىلغان. قوناق ۋە پۇرچاق تائا مىقىنى، گۆش، سۈت، قايماق ۋە سېرىق ياغنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. ئۇ ئات يىلىلىق بولۇپ، بۇ يىل 110 ياشقا كىرگەن. ھېلىمۇ يېنىك تۈردىكى دېھقانچىلىق ئەمگىكى ۋە ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدۇ.

### قادىر ئىمىن

قادىر ئىمىن 1882 ـ يىلى گۇما بازىرىنىڭ نىشاندا دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئىككى قېتىم ئۆيلىنىپ ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن. قارا ئاشنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، كەيىپ قىلمىغان. بۇ يىل ئۇ 110 ياشقا كىرگەن بولۇپ، كۆرۈش ئىقتىدارى ياخشى، يول يۈرەلەيدۇ.

### ھەسەن مەتيۈسۈپ

ھەسەن مەتيۈسۈپ 1884 ـ يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ قىزىل چوقا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تۆت قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ، تۆت پەرزەنت كۆرگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن 10 يىل باۋچاڭ بولغان. 1950 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە 12 يىل تاغدا قوي باققان، ئىشەك ھەيدىگەن. ئۇ پىيادە يول يۈرۈشكە، ئەمگەك قىلىشقا ئادەتلەنگەن. تاماق خىلى

لىنىسخان، ئۇ بۇ يىل 110 ياشقا كىرگەن بولۇپ، كۆرۈش، ئاڭلاش، ئەستە تۇتۇشى ئالاھىدە ياخشى.

## قاسىم مەتقۇربان

قاسىم مەتقۇربان 1883 - يىلى زاڭگۇي يېزىسىنىڭ بۇلاق دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆيلەنگەن. ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن. 1986 - يىلى ئۇ 96 ياشقا كىرگەندە ئىسمىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. ھازىر ئۇ گەرچە يول يۈرەلىسىمۇ ئەمما، كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمى ناچارلىشىپ كەتكەن. ئۇ كىچىككىدىن باشلاپ كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ، كۆپ ھەرىكەت قىلغان. مېۋە-چېۋىنى كۆپ ئىستېمال قىلغان.

## ھەلىمخان تۇنىياز

ھەلىمخان تۇنىياز 1886 - يىلى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ سەلپىش بۇلاق دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆمرىدە ئىككى نىكاھلىق بولۇپ، تۆت قىز بىر ئوغۇل بەش بالا تۇغقان. كىچىكىدىن باشلاپ، دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن، قوي بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ قوناق تالقىنى، سۈت، قېتىق، ئۆرۈك، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. ئۇ بۇ يىل 106 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئىشتىھاسى، كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمى ياخشى.

## ئىمىن موللا مامۇت

ئىمىن موللا مامۇت 1885 - يىلى موجى يېزىسىنىڭ ھاسا دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ ئەمگەك قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆيلەنمىگەن. ئۇنىڭ ئانىسى 1985 - يىلى 106 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ كىچىكىدىن تا ھازىرغىچە قوي بېقىشقا ئادەتلەنگەن. ناشتىنى ئەتىگەن قىلىشقا، كەچلىك تاماقنى ئاز يېيىشكە ئادەتلەنگەن. دولىسىدا بىرەر ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈپ باقمىغان. كىشىلەر ئۇنى خاپا قىلسا، ئۇ كىشىلەر بىلەن تاكاللاشماستىن خالى يەردە يىغلاپ ئىچىنى بوشاتقان.

## ئايىمخان ئاخۇن

ئايىمخان ئاخۇن 1887 - يىلى پىشنا يېزىسىنىڭ ئۇقاش دېگەن يېرىدە دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. ئىككى نىكاھلىق بولۇپ بەش ئوغۇل، تۆت قىز توققۇز بالا تۇغقان. مېۋە - چېۋە، گۆش ۋە قوناق تاماقنىنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. ھازىر كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

## ھېز نىياز

ھېز نىياز 1888 - يىلى زاڭگۇي يېزىسىنىڭ تەڭلە

ئېرىق دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن مەشغۇل بولغان. تاماق تاللىمىغان، سوغۇق سۇ ئىچىشكە، گۆشنى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن. جىسمانىي ئەمگەكتىن ئايرىلمىغان. كەيىپ قىلمىغان. ئۆمرىدە يەتتە قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن. ئۇ چاشقان يىللىق بولۇپ، بۇ يىل 104 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ھېلىھەم تېنى ساغلام. كۆرۈش، ئاڭلاش ئىقتىدارى ياخشى.

جىمىلە ھېزىمەت

جىمىلە ھىزمەت 1888-يىلى زاڭگۇي يېزىسىنىڭ بۇلاق دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلە ئىشلىرى ۋە ئېتىز ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. كۆڭلى-كۆكسى كەڭ تۇرۇپ، ئاچچىقلانمىغان. سوغۇق سۇ ئىچىشكە، قوناق تامىقىنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. غەلۋە-پاراڭ، جېدەل-ماجىرا بولغان جايلارغا بارمىغان. ئۆمرىدە ئىككى نىكاھلىق بولۇپ، ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان. ئۇ چاشقان يىللىق بولۇپ، بۇ يىل 104 ياشقا كىرگەن. سالامەتلىكى بىر ئاز ناچارلىشىپ قالغان.

بەختىخان قاسىم

بەختىخان قاسىم 1888-يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ ئاق تىكەن جايى دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇ-

غۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. تاماق تاللىمىغان، قورۇقنان دېمىشكە، سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇ چاشقان يىللىق بولۇپ، 104 ياشقا كىرگەن. كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمى، ئىشتىھاسى ياخشى. ئۆزى يول يۈرەلەيدۇ.

### خەلچىخان تاجى

خالىچىخان تاجى 1888 - يىلى چودا يېزىسىنىڭ چىڭگىلىك دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى، ئۆي ئىشلىرى ۋە ئاياق زەنجىرىش، ناناراق قول ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغان. تاماق تاللىمىغان، مېۋە - چېۋىنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. توغراق شىرنىسىنى ئىچكەن (شۇ يەردىكى كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە توغراقتىن ئاققان شىرنىدەك سۇنى ئىچسە ئادەمنىڭ تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق ئىكەن.) ئۇ ئۆمرىدە ئىككى نىكاھتىن بولغان. تۆت پەرزەنت كۆرگەن. ئۇ چاشقان يىللىق بولۇپ، بۇ يىل 104 ياشقا كىرگەن.

### ئايشىخان ئابدۇللا

ئايشىخان ئابدۇللا 1889 - يىلى سانجۇ يېزىسىنىڭ توغرا تازغۇن كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرىدە ئۈچ نىكاھلىق بولۇپ، بىر ئوغۇل، ئۈچ قىز تۆت بالا تۇغقان. ئۇ كالا يىللىق بولۇپ بۇ يىل 103 ياشقا كىرگەن. ئاڭلاش، كۆرۈش سېزىمى بىر قەدەر ياخشى،

ئۆزى يول يۈرەلەيدۇ. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، كۆپ ۋاقتىنى ئىش ئەمگەك، ھەرىكەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈپ ھەر خىل گۈللەرنىڭ پۇرىقىدىن نەپەس ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مۇھىت تازىلىقى ۋە شەخسىي تازىلىقا ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ئاسراشقا ئادەتلەنگەن. كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ كىشىلەرگە ھەسەت قىلمىغان.

**ئىسپاخان سادىق**

ئىسپاخان سادىق 1889 - يىلى زاڭگوي يېزىسىنىڭ قۇمبېغى كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ئېرى بىلەن بىللە چەرچەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يىل ئاۋارىچىلىق قىلغان. ئۇ ئۆمرىدە ئىككى نىكاھلىق بولۇپ، كېيىنكى ئېرىدىن ئۈچ ئوغۇل، بەش قىز سەككىز بالا تۇغقان. ئېرى 109 ياشتا قازا قىلغان. ئۇ گۆش ۋە گۆش قىيمىلىق تاماقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ كۆپ ھەرىكەت قىلغان. سوغۇق سۇ ئىچمىگەن. ئۇ كالا يىلىلىق بولۇپ بۇ يىل 103 ياشقا كىرگەن. كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمى، ئىشتىھاسى ياخشى. ئۆزى يول يۈرەلەيدۇ. تېنى ھېلىھەم ساغلام.

**مودەك تۇرسۇن**

مودەك تۇرسۇن 1889 - يىلى زاڭگوي يېزىسىنىڭ لەڭگەر دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىـ

چىكىدىن باشلاپ دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۆمرىدە ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ كېيىنكى خوتۇنىدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز بەش نەپەر پەرزەنت كۆرگەن. ئاق ۋە قارا ئاشنى ئارىلاش ئىستېمال قىلغان. سەھەر ناشتا قىلىشقا، ھەمىشە سوغۇق سۇ ئىچىشكە، قىيمالىق تاماقنى كۆپ يېيىشكە، قۇرۇق نان يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ ئۆيى كەنتنىڭ ياقىسىدا بولۇپ جاھان غەۋغاسىدىن خالى يۈرگەن. ئەزەلدىن بىر تال دورا ئىچىپ باقمىغان. ئۇ كالا يىللىق بولۇپ، بۇ يىل 103 ياشقا كىرگەن. ئىشتىھاسى، كۆرۈش، ئاڭلاش ئىقتىدارى ياخشى، تېنى ساغلام

## توختى ئەمەتىيا

توختى ئەمەتىيا 1889 - يىلى چودا يېزىسىنىڭ پەغەز توغراق دېھقانچىلىق مەيدان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن باشلاپ چارۋا بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى جاڭگاللاردا مال بېقىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمىغان. قوناق تامىقىنى، مېۋە - چېۋە، گۆشنى كۆپ ئىستېمال قىلغان. سوغۇق سۇ ئىچىشنى، پىيادە يول يۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئۇ كالا يىللىق بولۇپ، بۇ يىل 103 ياشقا كىرگەن. ئۇ كۆمەچ يېيىشنى ۋە توشقان گۆشى يېيىشنى ئۇزۇن يىل داۋاملاشتۇرغان.

## توختىخان

توختىخان 1890 - يىلى چودا يېزىسىنىڭ پەغەز

توغراق دېھقانچىلىق مەيدانى دېگەن يېرىدە
دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن
باشلاپ دېھقانچىلىق ئەمگىكى ۋە ئۆي ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللانغان. ئازادلىقتىن بۇرۇن كىشىلەرگە مەدىكار
بولۇپ ئىشلىگەن، تاماق خىللىمىغان. قوناق تامىقىنى
كۆپ ئىستېمال قىلغان. ئۇ يولۋاس يىللىق بولۇپ 102
ياشقا كىرگەن. ئۆمرىدە تۆت نىكاھلىق بولۇپ ئىككى
ئوغۇل، يەتتە قىز تۇغقان، بالا ئۇزاتقان بولسىمۇ، ھازىر يەككە
يېگانە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

## مەمەت ھاجىم

كېرىم ھاجىم ئوغلى مەمەت ھاجىم 1885 يىلى
گۇما بازار ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ
دەسلەپكى دىنىي ساۋاتىنى گۇما خانىقاسىدا، چىقارغاندىن
كېيىن قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بىلىم
تەھسىل قىلغان. 1903- يىلى 18 يېشىدا دادىسى بىلەن
ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتقان. بۇ جەرياندا
ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن. ئۇ ھەرەمدىن قايت-
قاندىن كېيىن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ ساتىراشلىق،
تومۇر تىلىپ قان ئېلىش، شەخەك قۇيۇش، چىش تار-
تىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاش-
تۇرۇپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان.

ئۇ بالا ۋاقتىدىن باشلاپ شېئىر يادلاش، كىتاب
كۆرۈشكە ئامراق چوڭ بولغان. ھەمىشە مىرزەخمەت ھاجىم،
نەخسۇت ئاخۇنۇم قاتارلىق تېۋىپلار ۋە قادىرجان زەر-

كەر قاتارلىق بىلىملىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان. ئۇ ناھايىتى ئېغىر بېسىق، يۇۋاش، خۇشخۇي ئادەم بولۇپ، ئۆمرى ئىچىدە كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش-جېدەل قىلمىغان، كەيىپ قىلمىغان. ئۇ ئىككى نىكاھلىق بولۇپ ئون پەرزەنت كۆرگەن. ياش ۋاقتىدىن باشلاپ جىنسىي مۇناسىۋەتكە چەك قويغان، ھەر قانداق شارائىتتا تون ئىسسىپىدىن بۇرۇن ئەر-خوتۇنچىلىق قىلمىغان. ئۇ سەھەر تۇرۇپ ئىبادەت بىلەن بولۇشنى، كۆپ ھەرىكەت قىلىشنى، ناشتىنى بۇرۇن قىلىشنى (كۆپىنچە ئۇماچ ئىچىشنى)، چۈشتە گۆش، پولۇ قاتارلىق قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى تويغۇچە يېيىشنى، كەچلىك تاماقنى سائەت بەشتە يېيىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قوشۇمچە تاماق يېمەسلىكنى، ئورۇق-سېمىزلىكتە ئوتتۇراھال تۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. چىشىدا قاتتىق نان، گۆش، مېۋە-چىۋە قاتارلىقلارنى چىشلەپ تارتىپ يېيىشتىن پەرھىز قىلغان. شۇڭا ئۆمرى ئىچىدە، بىر قېتىممۇ چىشى ئاغرىمىغان، چۈشۈپ كەتمىگەن. ئۇ 1992 - يىلى 4 - ئايدا 107 يېشىدا ئۆز ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سارىخان

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپىنى سارىخان 1879 - يىلى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسىنىڭ سىرىقىقىر دېگەن يېرىدە قىرغىز چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دادىسىدىن دىنىي تەلىم ئېلىش ئارقىلىق قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان. كىچىكىدىن باشلاپ قوي بې-

تىمىش، چاچاق ئېگىرىش، تاماق ئېتىش، سېرىق ياغ ئېتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھەمىشە سەھەر تۇرۇپ كۆپ ھەرىكەت ئىشلىگەن. ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغان. ئەتىگەنلىك ناشتىنى بۇرۇن قىلغان. سۈت-قېتىق، گۆش، سېرىق ماي قاتارلىقلارنى، قوناق، ئارپا، پۇرچاق تامىقىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغان، چېيىغا مانجۇ تاغلىرىدىن چىقىدىغان گۈلبىنەپشە، يۈرەك ئوتى، تاش چېچىكى، گۈل چاي قاتارلىقلارنى ئىچكەن.

چۈشىدە ئۇ ئۆمرىدە بىر نىكاھلىق بولغان بولۇپ (ئېرى ئاقنەزەرخان ئاقا قىرغىزلارنىڭ سەردارى ئىدى) توت ئوغۇل، توت قىز سەككىز پەرزەنت كۆرگەن. ھازىر بىر ئوغۇل، ئۈچ قىزى ھايات ياشىماقتا. ھازىر ئۇنىڭ ئىشتىھاسى، ئاڭلاش سېزىمى ياخشى، يېنىك ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدۇ، قۇرئان ئوقۇيالايدۇ.